شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK

2006
1



# بۇلاق

ISSN 1005 0876
02 >
9 771005 087006

# 源泉(布拉克)





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

27-يىل نەشرى

ئومۇمىي 106-سان

## بەت بوسۇغىسى

دۇنيانىڭ گۈلشەنىدە ھېچكىم مەڭگۈ قالالمايدۇ،
ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

—— ئەلشىر نەۋائى

قۇربانجان تۇردى شىيدانى يازغان



2006- يىللىق 1- سان

# بۇلاق



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن**

«سىددىقنامە» دىن ........................ مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۆ

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تارىخى رەشىدىي ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (24)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**مەشھۇر شەخسلەر**

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان ........... ئابلا ئەھمىدى (47)

گېگانت ئادەمنىڭ مەنىۋى ھەيكىلى .................. ئۇچقۇنجان ئۆمەر (61)

**ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى**

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى چىن، ماچىن ۋە تاۋغاچ ناملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ......

...................... غالىپ بارات ئەرك (71)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«قاراخانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى» دىن ........................ رىشات گەنج (88)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقىم
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قىممىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان........................
........................ ئابدۇراخمان باقى (100)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى ........................ (102)

*　　　*

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*　　　*

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: روھىي سەير (ئېنتېرنېتتىن ئېلىندى)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: مۇساجان ۋاھاپ ماي بوياق رەسىملىرىدىن
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: قىرغۇچى ئۇستا (رەسسام: مەمەت سۇلتان)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail. com

# سىددىقنامە[1]

مۇھەممەد سىددىق رەشىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب. تېبابەت ئىلمى تەلەپ قىلماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر تېۋىپ بولساڭ، تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىنى پىششىق بىلگەيسەن ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغايسەن!

— بىلگىنكى، ئادەمنىڭ بەدىنىدە بار نەرسىلەر بەدەننىڭ بەرپا بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئامىلدۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىچكى تەركىب ۋە بەزىلىرى تاشقى تەركىبتۇر. ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىچكى تەركىب ئۈچ قىسىمدۇر:

بىرىنچى قىسىم، بەدەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى، بۇنىڭ ئاساسى — قاندۇر؛

ئىككىنچى قىسىم، بەدەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇمىد، يەنى ئەقىل - ئىدراك؛

ئۈچىنچى قىسىم، بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىمەك، بۇنىڭ ئاساسى — جاندۇر.

بەدەن جان ئارقىلىق ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ھالەتتىن ھالەتكە يۆتكىلىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ.

يەنە ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى، يەنى ھاياتى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى تەركىب بولىدۇ. بەزىلىرى ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىز پايدا ياكى زىيان يەتكۈزىدۇ. بەدەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى ئەنە شۇ ئىچكى ۋە تاشقى تەركىب، يەنى ماددىلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇۋاپىقلىششى بىلەندۇر.

ئىچكى تەركىب — ماددىنىڭ جىنسى، يەنى ئاساسى؛ تاشقى تەركىب — سۈرەتنىڭ جىنسى، يەنى شەكلىدۇر. ئىنسان بەدىنىدىكى ئىچكى تەركىب تېبابەت ئىلمىدە «ئەناسىرى ئەربەئە» (تۆت ئېلېمېنت) دېيىلىدۇ. ئەناسىرى ئەربەئە ئوت، سۇ، شامال ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماددىلار ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدا مەۋجۇد تەركىب بولغاچقا، ئىنسان مىجەزىگە يېقىن تۇرىدۇ.

---

① بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

ئادەمنىڭ مىجەزى توققۇز تۇرلۇك بولىدۇ: بىرى مۆتىدىل مىجەز، قالغان سەككىزى غەيرى مۆتىدىل، يەنى غەيرى نورمال مىجەزدۇر. بۇ سەككىز خىل مىجەزنىڭ تۆتى يەككە، يەنى مۇرەككەپ ئەمەس، تۆتى بەدەن ئەزالىرى ۋە خىلىتلارغا[1] ئوخشاش مۇرەككەپ، يەنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مىجەزنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ تۇرىنى بەزىلەر ئوخشاشلا تۆت تۇرلۇك دىسە، بەزىلەر ئىككى تۇرلۇك دەيدۇ.

مىجەزنىڭ تۆتى يەككە (مۇرەككەپ ئەمەس) ۋە تۆتى مۇرەككەپ، يەنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك دىيىشىمىزنىڭ مەنىسى شۇكى، بەدەن ئەزالىرى خىلىتلار بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ خىلىت — مىجەز بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ مىجەز — ئەناسىر بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ ئەناسىر — بەدەننىڭ يارالمىشقا خاس ماھىيەتلىك ماددىسى بىلەن مۇرەككەپتۇر. بۇنىڭدىن سۇرەت (شەكىل) جىنسىغا تەئەللۇق بولغىنى ئۇچ قىسىمدۇر: بىرىنچى قەۋا (كۇچ)؛ ئىككىنچى، روھ (ئەرۋاھ)؛ ئۇچىنچى، ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت).

«قەۋا» ئۇچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، نەفسانىي (ھاياتىنىڭ زاتى)؛ ئىككىنچى، ھەيۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى)؛ ئۇچىنچى، تەبئىي (تەبىئەتكە ئائىت، ئەسلىدىن بار).

نەفسانىي ھەم ئۇچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، ئىدراكىي كۇچ (ئادەمنىڭ بىلىش، چۇشىنىش قابىلىيىتى). ئىدراكىي كۇچ ھەم بەش قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى ھۇش (ئەقىل، سەزگۇ قۇۋۋىتى)؛ ئىككىنچى، بەسەر (كۆرۇش قۇۋۋىتى)؛ ئۇچىنچى، سەمئ (ئاڭلاش قۇۋۋىتى)؛ تۆتىنچى، شەمم (پۇراش قۇۋۋىتى)؛ بەشىنچى، لەمس (تېتىش ياكى تۇتۇپ ـ سىلاپ بىلىش قۇۋۋىتى).

ھەرىكەت قۇۋۋىتى شۇكى، ئۇنىڭ سانى ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۇر سانى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئىدراكىي قۇۋۋەت كۆڭۇلدە بولىدۇ. ئۇ ھەم ئۇچ قىسىم بولىدۇ: بىرى، خىيال قىلماق؛ يەنە بىرى، پىكىر قىلماق؛ ئۇچىنچىسى، يادىغا كەلتۇرمەك.

ھەيۋانىي ئىككى قىسىم بولىدۇ: فائىلە ۋە مۇنفەئىلە، يەنى قىلغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى.

تەبئىي ئۇچ قىسىم بولىدۇ؛ مۇۋەللىدە — پەيدا قىلغۇچى؛ مۇرەببىيە — تەربىيىلىگۇچى ۋە غازىيە — نەتىجىلەنگۇچى، يەنى نەتىجىگە ئېرىشكۇچى.

ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت) ھەم نەفسانىي (ھاياتىنىڭ زاتى) ھەم ھەيۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى) ۋە تەبئىينىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ. چۇنكى روھ — قۇۋۋەتنىڭ خىزمەتكارى؛ قۇۋۋەت — ھەرىكەت، يەنى پائالىيەتنىڭ چىقىش، پەيدا بولۇش ئورنى؛ پائالىيەت — قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر.

بەس، ھەرىكەت، يەنى پائالىيەتنىڭ ھەممىسى قەۋا (كۇچ) نىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ.

روھ (ئەرۋاھ) ئۇچ قىسىم بولىدۇ، ئۇلار: نەفسانىي، ھەيۋانىي ۋە تەبئىيدۇر. بەدەننىڭ بىر پۇتۇن گەۋدە بولۇپ مۇستەھكەم، يەنى مەزمۇت تۇرۇشى بۇلارغا تەۋەدۇر. مەسىلەن، ئادەمنىڭ سېمىز، ئورۇق، كۇچلۇك، ئاجىز بولۇشى قاتارلىقلار.

---

① خىلىت — ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ.

سېمىزلىك ــ مىزاج (مىجەز) نىڭ سوغۇقلۇقىغا؛ ئورۇقلۇق ــ مىزاجنىڭ ئىسسىقلىقىغا تەۋەدۇر. بەشەرە، يەنى يۈز ـ قىياپىتىنىڭ قىزىللىقى ــ قانغا تەۋەدۇر. بەشەرە، يەنى يۈز ـ قىياپىتىنىڭ سېرىقلىقى ــ سەپراغا تەۋەدۇر. نەبز (تومۇر) نىڭ ھەرىكىتى ــ قائىلەئى ھەيۋانىي، يەنى ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ قۇۋۋىتىگە تەۋەدۇر. نەبز (تومۇر) نىڭ شوك تۇرۇشى قۇۋۋەتنىڭ سۇسلۇقىغا تەۋەدۇر. ساغلاملىق ــ قۇۋۋەتنىڭ موتىدىللىقىغا تەۋەدۇر. تۇرق ۋە كەيپىيات ماددا ياكى شەكىلگە تەۋەدۇر.

ئومۇمەن، بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكەيدىغان نەرسە ئەسبابى زەرۇرىي (زۆرۈرىي سەۋەب) دېيىلىدۇ. ئۇ ئالتە قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، ھاۋا؛ ئىككىنچى، تائام (يېمەك ـ ئىچمەك)؛ ئۈچىنچى، ھەرىكەت قىلماق ۋە شوك تۇرماق؛ تۆتىنچى، ئۇخلىماق ۋە ئويغانماق؛ بەشىنچى، تەبىئەتنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە راۋانلىقى؛ ئالتىنچى، سۆزلەش ئارزۇسىدا پەيدا بولىدىغان ھالەت.

ئارتۇقچە غەم ۋە غەزەب، قورقۇنچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھالەتلەرمۇ زۆرۈرىي سەۋەب تۈرىگە كىرىدۇ. مۇنداق دېيىشتىن سەۋەب شۇكى، ئادەم يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەربىر ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ھەرگىز ساقلىنالمايدۇ. يەنى بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەربىرى ئادەم بەدىنىگە نۆۋەتىدە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇ ھالەتلەرنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى مۆتىدىل، يەنى نورمال بولسا، بەدەن ساغلام ۋە سالامەت بولىدۇ؛ ناۋادا بۇ ھالەتلەر غەيرى نورمال بولسا، يەنى نورمال، مۆتىدىل ھالەتتىن تاشقىرى بولسا، بەدەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئاغرىقنىڭ سەۋەبى ياكى ئىسسىقلىقتىن بولىدۇ، بۇ بەش قىسىم بولىدۇ؛ ياكى سوغۇقتىن بولىدۇ، بۇ سەككىز قىسىم بولىدۇ؛ ياكى بەدەندە ئەسلىدىنلا بار بولغان ئىللەت (ئاغرىق) سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ــ ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، تېبابەت ئىلمى ئىككى قىسىم بولىدۇ؛ ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت. بۇلارنىڭ شەرھى بىلەن ھەقىقىتىنى ۋە تەھتىنى بىلمەكچى بولساڭ، جالىنۇس ھەكىمنىڭ «سىتتەئەشەر» (يەنى ئون ئالتە ئۆگۈت) ناملىق كىتابىدىن ئۆگەن ۋە ھەقىقىتىگە يەتمەك ئۈچۈن تىرىش.

مىزاج ئىلمىنى «كىتابى مىزاج» (مىزاجغا قاراپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئىلمى) دىن ئۆگەن.

قۇۋۋەت، يەنى ھايات ـ پائالىيەت ئىلمىنى «كىتابى نەبز» (تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئىلمى) دىن ئۆگەن.

بەدەن ئەزالىرى ھەققىدىكى ئىلمىنى بۇقرات ۋە ئەپلاتون ھەكىملەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگەن.

كېسەلنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى ئىلمىنى «سىتتەئەشەر» نىڭ ئاۋۋالقى، يەنى بىرىنچى ماقالىسىدىن ئۆگەن ھەمدە «كىتابى ئەلىل ـ ئەمراز» (كېسەللىك ئىللەتلىرى ھەققىدىكى كىتاب) دىن تەلەپ قىل.

كېسەلنىڭ، يەنى كېسەل بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىنى يەنە «سىتتەئەشەر» نىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ماقالىسىدىن ھەمدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردىن ئۆگەن؛ . . .

مەلۇمكى، يۇقىرىدا نەزەرىيە ئىلمىگە ئائىت تۈرلەرنى بايان قىلدىم. گەرچە سۆز ئۇزىراپ كەتسىمۇ، ئەمدى تېبابەت ئىلمىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئائىت تۈرلىرىدىن بىر ئاز بايان

قىلاي:

ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت ـــ تەن بىلەن جانغا ئوخشاشتۇر. تەن ـ جانسىز ۋە جان ـ تەنسىز ھايات تۇرالمايدۇ. ئەگەر [بىرەر كېسەلنى] داۋالىماقچى بولساڭ، مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن ئاۋۋال يېگەن غىزاسىنى تەكشۇرۇپ كۆر. كېسەلنىڭ يېگەن غىزاسىنىڭ تەركىبىنى بىلمەي ـ تەكشۇرمەي تۇرۇپ مەيلى قانداق تەرىقىدە بولسۇن، داۋالاشقا كىرىشمىگىن. كېسەلنىڭ يېگەن غىزاسى ئۇستىدە ياخشى تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كېسەلنىڭ قايسى تۇرگە تەۋە ئىكەنلىكى، كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، مىزاجى، ۋاقتى (كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە قايسى مەۋسۇمدە كېسەل بولغانلىقى)، كېسەلنىڭ كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى شۇغۇللانغان ئىشى، خاھىشى، تۇرمۇش ئادىتى، كېسەل بولغان ئورۇن، ئىستىمىسى ۋە كېسەللىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۇرۇشتىن ئۆتكۈز. كېسەلنى داۋالىغاندا يەنە تاماقنىڭ سىڭدىغان ياكى سىڭمەيدىغانلىقى، بەدەن قۇۋۋىتى ۋە مىزاجىنىڭ قايسى خىلدا ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۇرۇپ، بۇلار ئۇستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بار.

ئىسسىقتىن بولغان كېسەلگە قارىتا قايسى تەرىقىدە داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك ۋە قانداق داۋالاش لازىم؟ بۇ ھەقتە، بىلىشىڭ كېرەككى، تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى ۋەئەمەلىيىتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ناۋادا بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە، يەنى تەپسىلىي شەرھ قىلسام سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەزمۇنلار شەرھىيلەنگەن كىتابلارنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتەي:

ساغلاملىقنى ساقلاش، يەنى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئىلمىنى «سىتتە ئەشەر» ۋە «تەدبىرۇل ـ ئەسىھا» (توغرا تەدبىر، توغرا داۋالاش) ناملىق كىتابتىن تەلەب قىل؛

كېسەلگە ئىلاج قىلماقنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «ھىيلەئى يەرا» (يارا، جاراھەتنى داۋالاش) ناملىق كىتابتىن ۋە جالىنۇسنىڭ «سىتتە ئەشەر» ناملىق كىتابىنىڭ ئاۋۋالقى ماقالىسىدىن ۋە ئالاقىدار كىتابلاردىن تەلەب قىل؛

كېسەلنىڭ ئىچكى ئالامەت ۋە نىشانلىرىنى بىلىش توغرىسىدىكى ئىلمىنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «ئەئزائى ئالىيە» (بەدەن ئەزالىرىغا ئائىت چۈشەنچىلەر) ناملىق كىتابتىن ئۆگەن؛

ئىستىملارنىڭ قانداقلىقىنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «كىتابى ھەممىيەت» (ئىستىمغا ئائىت چۈشەنچىلەر) تىن ئوقۇپ بىل؛

ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ تەدبىرلىرىنى بۇقراتنىڭ كىتابلىرىدىن تەلەب قىل.

تېۋىپ بولغان كىشى تەجرىبىنى قانچە كۆپ قىلسا، ئەمەلىي بىلىمگە قانچىكى باي بولسا، خەلق ئارىسىدا شۇنچە مەشھۇر بولىدۇ. شۇڭا تېۋىپ كېسەللەرنى كۆپ كۆرۈشى، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشى لازىم.

تېۋىپ بولغان كىشى كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنەي، توغرا دىئاگنوز قوياي دېسە، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى يادلىۋېلىشى، خاتىرىسىدە مەھكەم ساقلىشى، داۋالاش ئىشلىرىدىن زادىلا توختاپ قالماسلىقى، كېسەللەرنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى راستچىللىق بىلەن بەجا كەلتۇرۇشى، سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق كېسەللەرنى

ھەر ۋاقىت خاتىرجەم قىلىشى، ھەمىشە ئۆزىنى پاك تۇتۇشى ۋە خۇشبۇي يۇيۇنۇشى كېرەك. قاچانكى، تېۋىپ بولغان كىشى كېسەل كۆرگىلى كەلسە، چىرايىنى ئوچۇق تۇتۇشى، كېسەلگە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇپ، چىرايلىق، ياخشى سۆزلەرنى قىلىشى، شۇ ئارقىلىق كېسەلگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى لازىم. چۈنكى، تېۋىپنىڭ كېسەلگە كۆڭۈل قۇۋۋىتى بەرگەنلىكى ھارارەت ۋە روھىي كۈچ بېغىشلىغانلىقىدۇر.

— ئەي ئوغۇل، ئېسىڭدە بولسۇنكى، كېسەلنى كۆرگىلى بارغىنىڭدا، ئۇ كېسەل ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇنى چاقىرساڭ جاۋاب بەرسە، يەنى ئويغانسا، ئەمما سېنى تونىمىسا ھەمدە كۆزىنى پات - پات ئېچىپ - يۇمسا؛ قولىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئۇرۇلۇپ ياتسا؛ ئەگەر بىھوش بولسا، ھەر ۋاقىت قىچقىرسا، يەنى جۆيلىسە؛ قولىنى چىشلىسە ۋە ھەر تەرەپكە تاشلىسا، كېسەلنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى ئىلگىرىكىدىن ئاقراق ۋە قارىسى ئىلگىرىكىدىن ھەم قارىراق بولۇپ لېۋىنى يالىسا؛ كېسەل گاھى - گاھى يۆتەلسە، بەلغىمىنى بىر نەرسىگە ئېلىپ قورۇتۇپ، ئاندىن يۇيغاندا، ئۇ بەلغەمنىڭ نىشانىسى، يەنى ئىزى قالسا؛ ئەگەر كېسەل ھەمىشە قەي قىلسا (قۇسسا) ۋە قۇسۇق ھەر خىل رەڭدە بولسا، قۇسۇشتىن توختىمىسا؛ كېسەل قاتتىق ھەسەتتىن ياكى قاتتىق غەم - قايغۇدىن ئاغرىغان بولسا؛ . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئالامەتتۇر. [بۇنداق كېسەلنى] داۋالىمىغىن، داۋالىساڭمۇ پايدىسى يوقتۇر. ناۋادا كېسەلنى كۆرگىلى كەلسەڭ، كېسەلدە يۇقىرىدا ئېيتقان ئالامەتلەر بولمىسا، ئۈمىدۋار بولغىنكى، داۋالىساڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر كېسەلنىڭ تومۇرى ناھايىتى كۈچلۈك سېلىپ، سوقۇش بارماقنىڭ ئاستىدىن بىلىنسە، بىلگىنكى، قان غالىبتۇر؛ تومۇر ئىنچىكە (كۈچسىز)، سوقۇشى تېز بولسا، سەپرا غالىبتۇر؛ ئەگەر تومۇر بارماق ئاستىدا ئىنچىكە ۋە سۇس بىلىنسە، ئاستا سوقسا، رۇتۇۋەت غالىبتۇر، يەنى بەدەننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەتتۇر.

تومۇرنىڭ سوقۇشى بارماق ئاستىدا قوپال بىلىنسە، سەۋدانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەتتۇر.

ۋاقتىكى، كېسەلنىڭ تومۇر ھالىتىنى بىلگەن بولساڭ، ئارقىدىنلا سۈيدۈكنى تەكشۈر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، سۇغا ئوخشاش بولسا، بۇ غەم - قايغۇدىن كېسەل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر ئاق بولۇپ روشەن (سۈزۈك) كۆرۈنسە، بۇ بەدەندىكى خىلىت (ماددا) لارنىڭ خاملىقى، يەنى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر كۆكۈچ سېرىققا مايىل بولسا ۋە سۈيدۈكنىڭ ئىچىدە ئۇششاق قارامتۇل نەرسە بولسا، ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر سۈيدۈك ياغ رەڭگىدە بولۇپ، ئاستىدا سىزىقچە كۆرۈنسە، كېسەلنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ، يەنى كېسەلنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى سېرىق، ئاستى قارامتۇل كۆرۈنسە، كېسەل ئۆپكە ۋە تالدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى قارامتۇل كۆرۈنسە، دورا قىلما.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئاستى يېشىل ياكى سېرىق بولسا، كېسەل پات ساقىيىدۇ.

ئەگەر كېسەل كىشى جۆيلىسە ياكى سۈيدۈكى قىزىل ۋە قارامتۇل بولسا ياكى قان ئارىلاش بولۇپ، سۈيدۈكنىڭ كۆپۈكى ئۈستىدە بولسا، ئۇنداق كېسەلدىن ھەزەر قىلغىن. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە كۆرۈنسە، ئۇنداق كېسەلنىڭ قېشىغا بارغۇچى بولما. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۇنىڭدا كېپەككە

ئوخشاش نەرسە كۆرۈنسە ياكى ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇنداق كېسەل بىلەن خوشلاشقىنىڭ تۈزۈك. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا ۋە ئۇنىڭدا ئاپتاپ (قۇياش) زەررىسىدەك نەرسە بولسا ياكى يېشىل دانچىلار بولسا، كېسەل قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق كېسەل قان ئالدۇرسا، پاتلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاق سىزىقلار كۆرۈنسە، بۇنداق كېسەل ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا، كېسەل تالدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر يېشىل بولسا، رەڭگىدە يەنە ئاز تولا قارا داغ (تۇس) بولسا، بۇنداق كېسەل ئىسسىقتىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك ئېقىش بولۇپ، ئۇنىڭدا سىركە قورۇتىدەك نەرسىلەر كۆرۈنسە، بۇ يەللىك بوۋاسىر[1]نىڭ ئالامىتىدۇر.

ۋاقتىكى، سۈيدۈك ۋە تومۇرنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى بىلىش زۆرۈردۇر. چۈنكى كېسەلنىڭ تۈرى كۆپ. ئەگەر كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلىسەڭ، ئاۋۋال غىزا، يەنى يېمەكلىك بىلەن داۋالاشنى قوللان. دورا بېرىشكە — دورا بىلەن داۋالاشقا ئالدىراپ كەتمە. كۆپرەك كۈزەت. سۈرگە بىلەن داۋالاشنىمۇ چەتكە قاقما. ناۋادا كېسەل ئېغىر بولسا، ئايرىم داۋالا. داۋالاشنى ھەرگىز توختىتىپ قويما. داۋالاشتىن ۋاز كەچمە. كېسەلگە دوق قىلما. ئىمكان بار كېسەلنىڭ قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىدىن پەرھىز قىل، يەنى قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئال. كېسەلگە قوبۇل قىلالمايدىغان نەرسىلەرنى بۇيرۇما. ناۋادا زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يېگەن بولسا، زىيىنىنى يوق قىلىدىغان دورىنى ئىشلەت.

تېۋىپنىڭ ئەڭ ياخشى ھۈنىرى، يەنى ماھارىتى — دورا تونىماق ۋە كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى — خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرۈشتۇر.

تېبابەت ئىلمىنى دوست تۇتقانلىقىم ئۈچۈن بۇ بابتا كۆپرەك سۆزلىدىم. چۈنكى تېبابەت ئىلمى ئۇلۇغ ئىلىمدۇر. مېنىڭ بۇ بابتا كۆپرەك سۆزلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ھەر كىشى بىر نېمىنى دوست تۇتسا، شۇ نەرسە توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش نېسىپ بولمىسا، «ئىلمى نۇجۇم» (ئاسترونومىيە ئىلمى) ئۆگىنىشكە تىرىش. «ئىلمى نۇجۇم» ھەم ناھايىتى ئۇلۇغ ئىلىمدۇر. سەۋەب شۇكى، «ئىلمى نۇجۇم» پەيغەمبەر مۆرسەلنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب. «ئىلمى نۇجۇم» بىلمەكنىڭ بايانى[2]

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇنەججىم (ئاسترونوم) بولاي دېسەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىش. تاكى «ئىلمى رىيازىي» (ماتېماتىكا ئىلمى) بىلەن كۆپرەك شۇغۇللان. چۈنكى «ئىلمى ئەھكام»، يەنى ئاسترونومىيىدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم ناھايىتىمۇ كۆپتۇر.

---

① مەقئەت بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۇچلىرىدىكى كۆك تومۇر قان ئۇيۇپ قېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

② تېكىست ئىچىدە «ئىلمى نۇجۇم ۋە ئىلمى ھەندەسەنىڭ بەيانىدا» دېيىلگەن. مۇندەرىجە ئاساس قىلىندى.

ئۇنى خاتاسىز، تولۇق شەرھىي قىلىش تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. شۇڭا ھازىرغا قەدەر ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى خاتاسىز ۋە تولۇق شەرھىيلەپ بېرەلىگەن ئەمەس. ئەمما ھەممە جەھەتتىن «ئىلمى نۇجۇم»نىڭ، يەنى مۇنەججىملىك ئىلمىنىڭ نەتىجىسى كالېندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كالېندارچىلىقنىڭ پايدىسى، يەنى «تەقۋىم» (كالېندارچىلىق) دىن كۆرۈلىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئاساسى «ئەھكام» — ئاسترونومىيىدە يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىدىلەردۇر. بەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەھكام»، يەنى يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىدىلەردىن تاشقىرى بولماس! شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىلمىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە تىرىش. توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بول. سەييارىلەرنىڭ ئورنى ھەم ئۇلارنىڭ كۆتىرىلىش ھەرىكەت دەرىجىسىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل (كالىندار) توغرا بولسا، چىقارغان ھۆكۈمىڭ شۇ چاغدا توغرا چىقىدۇ. سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە، تەلەي ـ ئامەتكە قاراپلا ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلان. كۆپرەك تەپتىش ۋە تەھقىقلەش (ماھىيىتىنى ئېنىقلاش) ئارقىلىق توغرا ھېسابلاشنى قولغا كەلتۈر ۋە ئىشەنچىڭنى تۇرغۇز. قاچانكى، ھېسابىڭ توغرا بولسا، ئاندىن ھۆكۈم قىل. شۇنداق قىلساڭ، ھۆكۈمىڭ توغرا چىقىدۇ.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆتۈرۈلىشى ھەرىكەت دەرىجىسىگە باغلىق. ئاي بۇرجى[1] ئايغا باغلىق، يەنى ھەربىر ئاي بىر بۇرجغا تەۋەدۇر (مەسىلەن: بۇرجى ھەمەل[2]، بۇرجى سەۋر[3] . . . دېگەندەك). يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىر بۇرجدا قانداق بولىدىغانلىقى، شۇ يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ مىزاجىغا باغلىق. يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجلىرىدىن قارىغاندا، ھەربىر بۇرجدا بىردىن يۇلتۇز بولىدۇ. بۇ يۇلتۇزلار تۇراقلىق بولۇپ، تۇرغۇن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەخت ـ تەلەي دەرىجىسى، ئاجىزلىق دەرىجىسى ۋە قارا كۆڭۈللۈك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان يۇلتۇزلار بولۇپ، قۇياش چەمبىرىكىدە بولىدۇ. بىلگىنكى، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ كۆتىرىلىش ۋە چۈشۈش ھەرىكەتلىرىدىن بىردەممۇ غاپىل بولما. ۋاقىت ـ پەيت، قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەربىرى، تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە ئۇلارنىڭ مەنزىلى، باغلىنىش مەركىزى، چېگرىسى، ئورنى، يەر يۈزى بىلەن بولغان ئەڭ يىراق نۇقتىسى ۋە ئەڭ يېقىن نۇقتىسى؛ بۇرج ئارىلىقى قاتارلىقلارنى بىلىپ، ئاندىن ئاينىڭ دەرىجىلىرىگە باق، يەنى ئاينىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىل. تەلەي ـ ئامەت ۋە ياكى بىتەلەي (نەس ۋە ياكى بەخت) يۇلتۇزلىرىنىڭ قايسى بۇرجقا ئۇدۇللاشقانلىقىنى ياكى قايسىسىغا ھاۋالە بولغانلىقىنى؛ ئاينىڭ يىللىق ھەرىكەت جەريانىدىكى ئەڭ تۇتۇلغان ۋاقتى (ئاي نۇرىنىڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتى)، ئاينىڭ باشقا سەييارىلەر بىلەن بىر ئوربىتىغا كىرمىگەن ۋاقتى ۋە كىرگەن ۋاقتى؛ ئاينىڭ قۇياش بىلەن ئۇدۇللاشقان ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن كېيىن ھۆكۈمدىن سۆز ئاچقايسەن. تەلەي ـ ئىقبال توغرىسىدا ئىشەنچلىك كالېندارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارساڭ، ھۆكۈمىڭ توغرا چىقىدۇ. ھەر ئىشتا ئېھتىيات قىلساڭ،

---

① بۇرج — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە: قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەر بىرى.

② قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرجنىڭ (قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ) بىرىنچىسى؛ قۇياش يىلى ھېسابىدا بىرىنچى ئاي نامى.

③ قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى؛ قۇياش يىلى ھېسابىدا ئىككىنچى ئاي نامى.

سەۋەبلىكتىن ساقلىنالايسەن. ۋاقتىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ. مېنىڭ تەۋەللۇد بولغانلىقىم (تۇغۇلىشىم) ھەققىدىكى سۆزى ئۇستازىم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇستازىمىنىڭ دېيىشىچە، ئادەمنىڭ يارىلىشى ئۇنىڭ ئانىدىن تۇغۇلغان كۈنى بولماستىن، بەلكى ئەر كىشىنىڭ سپېرمىسى ئايال كىشىنىڭ بالىياتقۇسىدا قارار تاپقان ۋاقتىدۇر. تەقدىر — بەخت - تەلەي دېگىنىمىز شۇ بولۇپ، ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن كەلگۈسىدە بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق شۇ پەيتتە، يەنى ئادەم تۆرىلىش بىلەن تەڭ پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئانىدىن تۇغۇلغان شۇ سائەت شۇ بالىنىڭ تەقدىرى باشلانغان كۈن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاتىنىڭ سپېرمىسى ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا قارار تاپقان شۇ سائەت دەل تۆرەلمىنىڭ تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ۋاقتتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەلەيلىك كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيلىك تۆرىلىدۇ، تەلەيسىز كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيسىز تۆرىلىدۇ». ئەمما، ئاتىنىڭ پۇشتىدىن ساڭا ئۆتكەن تەقدىر - تەلەي ھەققىدە كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىز. چۈنكى، تەقدىرنىڭ قايسى تەرىقىدە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆزىمۇ تەقدىر - قىسمەتتە پۈتۈلگەن. بۇ ھەم ئۇستازلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەلىمىدۇر. بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا. ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ھۆكۈم قىلىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ ھۆكۈم قىلغىن. ئەگەر بىرسى سەندىن مەسىلە، يەنى ئۆز يۇلتۇزىنى (تەقدىرىنى) سورىسا، شۇ ۋاقىتتىكى يۇلتۇزنىڭ كۆتىرىلىش ھەرىكىتىنى كۆزەت. ئاندىن ئايغا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا، يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ جاۋاب بەر. كىمنىڭ غالىب بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، يۇلتۇزغا، بولۇپمۇ، ئاي ئايلىنىپ ئۆتكەن يۇلتۇزغا ۋە ئۇنىڭ كۆتىرىلىش ھەرىكىتىگە، يەنى تەلەي يۇلتۇزىغا قاراپ ھۆكۈم قىل.

ئەھكام (يۇلتۇزلار ھەرىكىتى ۋە ھالىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش) نىڭ شەرتلىرىدىن بەزىلىرىنى بايان قىلدىم. ئەگەر مۇھەندىس (گېئومېتىرىك) بولاي دېسەڭ، ھېسابنى ئوبدان ئۆگەن. ھېساب ئۆگىنىشنى بىردەممۇ توختىتىپ قويما. چۈنكى ھېساب ئىلمى ناھايىتى تەس ئىلىمدۇر. ئەگەر زېمىننى (يەرنى) ھېسابلىماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلۈك - بۇچاقلىرىغىچە تونىغىن. ئوخشىمىغان شەكىللەرنى ھەرگىز نەزىرىڭدىن ساقىت قىلما. «بۇ تەرىپىنى ئوبدان ھېساب قىلىپ، قالغىنىنى قىياس قىلسامىمۇ بولىدۇ» دېمە، تىرىش. تاكى ھەربىر بۆلۈكلىرىدىن تارتىپ ئوبدان تونۇمىغىچە بوشاشما. مېنىڭ ئۇستازىم ھەمىشە ماڭا: «ھېساب ئىلمىدە بۆلۈكلارغا سەل قارىما. زېمىننىڭ (يەرنىڭ) بۆلۈكلىرى كۆپىنچە يايى شەكىللىك بولىدۇ، بەزىلىرى ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە ھەم بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ؛ ھەتتا سەن ھېساب قىلماقچى بولغان يەر تەكشى بولسىمۇ، مۆلچەر بويىچە ھېسابلاشتىن ساقلان؛ بەلكى ھەممىسىنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلگە ۋە ياكى تۆت بۇرجەك (كۋادرات) شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ ھېسابلا. شۇ چاغدا ھېسابىڭ توغرا چىقىدۇ.» دەيتتى.

ئەگەر بۇ بابتا بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە، يەنى ئىلمى ھەندىسە (گېئومېتىرىيە ئىلمى) توغرىسىدا كۆپ توختالماسلىقنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ باب تۈگىدى.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب. شائىرلىقنىڭ بايانى[1]

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ، ئىمكان بار ئىستېمالدىن قالغان (چۈشىنىكسىز) سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىككە تىرىش. ھەم ئۇنداق سۆزلەردىن پەرھىز قىل. چۈنكى ئۇ سۆزلەرنى، يەنى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئۆزۈڭ بىلگەن بىلەن ئۆزگىلەر بىلمىسە، شەرھىيلەش - چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا شائىر بولغان كىشى خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان، قاپىيىسىز شېئىر يېزىشتىن ساقلان. تەرتىپسىز ۋە سۈپەتسىز شېئىرلارنى ئېيتما. تولىمۇ ئاددىي، مەنىلىرى ئوددۇل، سەنئەتسىز يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ ھېچ كىشى ياقتۇرمايدۇ. خۇددى ئالدىنقىلار ئېيتقاندەك، شېئىر قانچىكى سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش بولسا، شۇنچە ئوبداندۇر. مۇرەككەپ بولسىمۇ ۋەزىن، قاپىيىسى جايىدا بولسا، بۇنداق شېئىر كىشىلەرنىڭ تەبئىتىگە ناخۇش كەلمەس! نازۇك سەنئەت شائىرلار بۇ ھەقتە بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەم شېئىر ۋە شائىرلىق، خۇسۇسەن، شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەرتىپ - تەرىپلەر بېرىشكەن. شېئىردا قاپىيە تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا يازغان شېئىرلىرىڭ بىر تۈردە بولسا، باشتىن ئاياغ بىر قاپىيىدە بولغاي. باش - ئاخىرى مۇۋاپىق كەلگەي. بۇ شېئىرىيەتتە «مۇتابىق» (ماسلىق) دېيىلىدۇ. بىر بېيىتنىڭ ئىككى مىسراسى بىر - بىرىگە زىت بولسا، بۇ «مۇتەزادد» (زىت، زىت مەنىلىك) دېيىلىدۇ. ئىككى كەلىمىنىڭ شەكلى ئوخشاش - بىر شەكىلدە بولۇپ، سۆزلەر پەقەت چېكىت بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلسە، بۇ «مۇتەشاكىل» (شەكىلداشلىق) دېيىلىدۇ. ئايەت، ھەدىسلەرنى ۋە ماشايىخ (مەشھۇر دىنىي ئالىم) نىڭ سۆزلىرىنى ئۆز سۆزى قىلىپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ «نەقىل» دېيىلىدۇ.

بۇ كەمىنە مىسال قىلىپ ئېيتىدۇكى، نەزم:

دەرد ئېلىگە رەشىدى بولۇپ ھەمزەبان،
يىغلا نەۋائى كەبى تارتىپ فىغان.
قايىم ئولۇپ «بۇ ئىسرە مافىيۇل - قۇبۇر[2]»،
زاھىر ئولۇپ «ھۇسسىلە مافىيۇس - سۇدۇر[3]».

ناسىر ئەلىدىن مىسال، نەزم:

بېتەرزى مۇۋلەۋى ئاھەنگ پەرداز،
ھەدىسى دېگەرگۇن پەردېيى راز.

---

① مۇنەررىجە: «شېئىر ئېيتماق ۋە شائىرلىق قائىدىلىرىنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

②③ «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 100 - سۈرە ئادىيات. 9 -، 10 - ئايەت (قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلگەندە، كۆكسىلەردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، . . .). ئاپتور بۇ يەردە مەزكۇر ئايەتنى «نەقىل» ئۈچۈن كۆرسەتكەن. قايىم ئولماق — تىك تۇرماق. زاھىر ئولماق — ئاشكارا بولماق.

(مەۋلەۋىي مۇقامىدا نەغمە ياڭراتقىن،
سۆزۈڭنى يېڭىلاپ تىلسىمنى ئاچقىن.)

نەۋائىدىن مىسال. نەزم:

نە ئىشق ئىدىكى ئەدەم ئەيلەدى ۋۇجۇدۇمنى،
كى ئۇردى سائىقە[①] گەردۇنغە چەكتى دۇدۇمنى.

ئىككى مىسرا بىر غەزەلنىڭ ھۆكمىدە بولسا، ئۇ «مۇزەۋۋەج» (پار كەلگەن، ياپسا) دېيىلىدۇ.

مەشھۇرى ناسىر ئەلىنىڭ تەرپىدە ئېيتىدۇكى، شېئىر:

گاھى دارەد ھەست دەر خۇبى كى تاق ئۇفتادە ئەست،
ھەمچۇ خۇرشىدى فۇرۇزان بەرقى ئەنۋەر خۇد ئەست.

(گاھىدا شۇنداقمۇ بولىدۇكى، خۇددى نۇرنــى ئۆزى تارقاتقان پارلاق قۇياشتەك، ياخشىلىق بابىدا يېگانە يارالغان.)

ۋەزىنگە سېلىنغان شېئىر، يەنى نەچچە غەزەل بىر ۋەزىندە كەلسە، ئۇ «تەتەببۇئ» (نەزىرە، ئوخشىتىش) دېيىلىدۇ. پۈتۈن بىر غەزەل بىر مەزمۇندا كەلسە، ئۇ «مۇسەلسەل» (يۇرۇشلەشكەن، راۋان) دېيىلىدۇ.

نەۋائى قۇددىسە سىررۇھۇ (سىرلىرى مۇقەددەس، ئىزگۇ بولسۇن) ئېيتىدۇكى، نەزم:

ۋەھ نە خۇشتۇر شەھسۇۋارىم كەلسە مەيدان سارىدىن،
كىرفىكىم بىرلە سۈپۈرسەم گەردىنى رۇخسارىدىن.
ئىلكىم يەتمىش فەلەك تاقىغە قويسام تاق ئۆزە،
دۇدى ئاھىمدەك قارا پەرنى ئالىپ دەستارىدىن.
يەشبان زەررىن كەمەر نازۇك بەلنى قىلسام خەلاس،
تارتىبان گۈلگۈن قەبا سەرۋى سەھىي رەفتارىدىن.
ھەر ئاياغىدىن ئۆتۈك تارتىپ ئارتسام يۈز بىلە،
تەر كۆلاھىن ئول ھىنا يافغان كەفى گۈلنارىدىن.
ئەي نەۋائى، دەھرى فانىي تۈشمۇدۇر يا خۇد خەيال،
دەۋلەتى باقىي تىلەر بولساڭ كى كەچكىل بارىدىن.

بېيىت توققۇزدىن زىيادە بولسا، ئۇ «قەسىدە» دېيىلىدۇ، بىر قاپىيەدە كېلىدۇ. مىسراسى تۆت بولۇپ، جۈپ قاپىيىلىك، يەنى ئىككى مىسراسى قاپىيىداش تۈزۈلىدۇ.

ھەربىر مىسراسىنى ئاخىرىدىن بېشىغا (ئوڭدىن سولغا ياكى سولدىن ئوڭغا) ئوقۇسا ھەم نەزمە بولۇپ تۈزۈلسە، ئۇ «مەقلۇب» دېيىلىدۇ.

---

① چاقماق، يېشىن.

ئەمما، سۆزۈم ھەممىگە ئوبدان كۆرۈنگەي، يەنى چىرايلىق ئاڭلانغاي دېسەڭ، ئىستىئارە (ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە) بىلەن سۆزلە. سۆزۈڭ ئىمكان بار مەۋجۇد نەرسىلەر ئۈستىدە بولسۇن. ئەلۋەتتە، ئىستىئارەنى مەدھىيە شېئىرلىرىدا كۆپرەك ئىشلەتكىن. غەزەل مەيلى تاق قاپىيە بىلەن، مەيلى مەشھۇر قاپىيىلەر بىلەن تۈزۈلگەن ياكى گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ئىمكان بار مۇشكۈل (چۈشىنىش قىيىن بولغان) ئەرەبى سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان. خاسۇ ئامغا (ھەممىگە) خوش كۆرۈنسۇن دېسەڭ، ئاشىقلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئاشىقانە ۋە گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرنى لازىم تۇت. تاكى سېنىڭ شېئىرىڭ خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولغاي. ئىمكان بار ئېغىر ۋەزىنلەر بىلەن شېئىر ئېيتما. ئەگەر بىرەرسى خالىسا، بۇ باشقا گەپ. شائىرلىق ئىلمىنى، شائىرلىقنى، يەنى شېئىر بىلەن (شېئىري تىل بىلەن) سۆزلەشمەكنى ياخشى ئۆگەن. ۋاقتى كېلىپ شائىرلار ئارا مۇشائىرە ياكى مۇنازىرە بولۇپ قالسا ياكى ئىمتىھان ئۈچۈن سوئال قويۇلسا، ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالمايسەن. ئېيتقان ھەربىر سۆزۈڭ، ئالايلۇق، مەدھىيە، غەزەل، ھەجۋىي ياكى مەرسىيە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە سۆزۈڭنى ئاخىرىغا يەتكۈز. ھەرگىز كام - كۈتا سۆزلىمىگىن. نەسىردە ئېيتقان سۆزۈڭنى نەزمىدە ئېيتمىغىن. چۈنكى نەسىر پۇقراغا يارىغان بىلەن پادىشاھقا يارىماس. ناۋادا غەزەلنى مۇقامغا سالساڭ، تەسىرلىك بولغۇدەك ئېيت. مەدھىيىگە كەلگەندە كۈچلۈك، كۆڭۈللۈك، روھلۇق قىياپەتتە بول. مەدھىيەڭ ھەربىر كىشىنىڭ لايىقىدا بولسۇن. مەدھىيىلەنگۈچىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېقىپ سۆزلە. مەسىلەن، ئۆمرىدە بېلىگە پىچاق ئاسمىغان كىشىنى ھەرگىزمۇ شەمشەر بىلەن شىر ئۆلتۈرگەن، دەپ مەدھىيىلىمە. ئۆمرىدە ئىشەككە مىنىپ باقمىغان كىشىنى «ئۇنىڭ ئېتى دۇلدۇل، تۇلپار، ھەتتا ئەركەك شىرغا ئوخشايدۇ» دەپ مەدھىيىلىمە. بىراۋنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا قايسى تەرىقىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىل. شائىر ئۈچۈن مەدھىيە سۆزلىرىنى [مەدھىيىلەنگۈچىگە] يارىشا قانداق ئىشلىتىشنى ۋە قايسى ئىشنىڭ خوش كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ۋاجىبدۇر.

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ [باشقىلار ئالدىدا] ئۆزۈڭنى تولىمۇ تۆۋەن تۇتما، يەنى بەك كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە. يازغان قەسىدىلىرىڭدە ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ «بەندە»، «خىزمەتكار»، (مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، چاكىرىڭ) دېگەندەك سۆزلەرنى قىلما. باشقىلار توغرىسىدىمۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان. شېئىردا يالغاننى (مۇبالىغىنى) ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمە. گەرچە شېئىردا مۇبالىغە قىلىنىش سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن غەزەل ۋە مەرسىيەلەردە مۇبالىغە لايىقىدىراق بولغىنى تۈزۈك. شۇڭا غەزەل ۋە مەرسىيىنى مەلۇم بىر ئۇسلۇبتا ئېيتقان بولساڭ، ھەجۋى ۋە مەدھىيىنى باشقىچە بىر ئۇسلۇبتا ئېيتقايسەن. باشقىلارنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى دوراپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمە. چۈنكى پىكرىڭ چەكلىنىپ قالىدۇ. سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە زېھنىڭ ئېچىلالمايدۇ. ئەسلى ھالىتىڭدە توختاپ قالىسەن. ناۋادا ۋاقتى يېتىپ ھەقىقى شائىر بولساڭ، زېھنىڭ ئوچۇق، سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر بول. ئەگەر بىرەر يەردە غەيرى سۆز ۋە مەنىنى ئاڭلىساڭ ياكى كۆرسەڭ، بۇ سۆز ۋە مەنە ساڭا خوش كېلىپ قالسا، ئاڭلىغىنىڭ بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ سۆزگە باشقىچىرەك تۈس بېرىپ، مەسىلەن، مەدھىيىدە كۆرگەن بولساڭ، ھەجۋىدە، ھەجۋىدە كۆرگەن بولساڭ، مەدھىيىدە ئىستېمال قىل.

— ئەي ئوغۇل، قاچانكى بۇ ئىشنى، يەنى شائىرلىقنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقان بولساڭ، ئاۋۋال ئىگىن، ئاياغلىرىڭنى پاكىزە تۇت. بەدخۇي بولما. دائىم پاكىز ۋە خۇش چىراي يۈرۈشكە ئادەتلەن. ھېكايەتلەرنى ھەم ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىزىق ۋە ئالاھىدە سۆزلەرنى كۆپلەپ يادلا.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب. سازەندىلىك، يەنى نەغمە قىلماق تەرىقىسىنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل؛ ئەگەر سازەندە - نەغمىكەش بولساڭ، خۇش خۇي بولغىن. ئىمكانىيىتىڭ يەتكىنىچە ئۆزۈڭنى پاكىزە تۇت. تىلىڭ تاتلىق بولسۇن، ۋاقتىڭكى، نەغمە سۆھبىتىگە بارساڭ، چىرايىڭ تۇتۇلۇپ قالمىسۇن. مەجلىستە ھەممە كىشىگە ئوخشاشلا ئېغىرلىق قىلما، يەنى ئېغىر - بېسىق مۇئامىلىدە بولىۋەرمە ۋە ھەممە كىشىگە ئوخشاشلا يېنىكلىك قىلىپمۇ يۈرمە. چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. خۇددى كىشىلەرنىڭ رەڭگى - رويى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، تەبىئىتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، پەرق بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ھۈنەرنىڭ ئۇستازلىرى خاس تەرتىپ بەلگىلىگەن.

ئاۋۋال پادىشاھلار مەجلىسىدە چالغىلى ۋە ئېيتقىلى، نەغمە قىلغىلى بولىدىغان شاھانە پەدىلەر ئىجاد قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «ئاھ» دەپ ئات قويۇلغانىدى. بۇ كۈي - نەغمىلەر قېرىلار ۋە ئەھلى ھاياجانلارنىڭ تەبىئىتىگە تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. ئەمما كېيىنرەك شۇنى بىلدىكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا قېرى ۋە ئەھلى ھاياجانلاردىن ئەمەس. شۇڭا مۇزىكا ئۇستازلىرى قېرىلار ئۈچۈن بىر خىل كۈي، يىگىتلەر ئۈچۈن بىر خىل كۈي كەشىپ قىلدى. بۇ كۈيگە ۋەزنى يەڭگىل شېئىر ۋە مۇقاملارنى تەييارلاپ «خەفىف» (يەڭگىل، يەڭگىل كۈي) دەپ ئات قويدى. شۇڭا ھەربىر مۇقامدىن كېيىن «خەفىف»نى، يەنى تەرز ۋە يەڭگىل كۈيلەرنى چېلىش ۋە ئېيتىش لازىم. تا ئۇنىڭ نەغمىلىرىدىن قېرىلارغا ھەم، يىگىتلەرگە ھەم ھۇزۇر يەتكەي. باللار ۋە ئاياللارغا ھۇزۇر بېغىشلاش ۋە راھەت ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەڭگىلراق ۋە يېقىملىق، شوخ كۈينى ھەمدە ئويۇن - چاقچاق ئارىلاش قىزىقارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىشتى.

شۇنى بىلگىنكى، ۋەزنىلەر ئىچىدە ھېچبىر ۋەزىن «تەرانە» (ئەرۇز ئىلمىدە رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى) دىن يېقىملىق ئەمەس. مەجلىسلەردە نەغمە قىلساڭ، مەن ئېيتقانىدەك سورۇن ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان كۈيلەردىن چال ۋە ئېيت. تاكى ھەممە كىشى سېنىڭ نەغمەڭدىن بەھرە ئالغاي.

ھەرقانداق بىر مەجلىستە ئۆزۈڭنى سەگەك تۇت. ئەگەر نەغمە ئىشىتكۈچى (تىڭشىغۇچى) قىزىل يۈزلۈك بولسا، تولۇق ۋە يۇقىرى ئاۋازدا چال؛ ئەگەر سېرىق يۈزلۈك، سەپرا مىجەز بولسا، تولاراق سۇس ۋە يۇمشاق ئاۋازدا چال؛ ئەگەر چىرايى قارا، ئورۇق ۋە زەئىپ، سەپرا مىجەز بولسا، تولاراق ئوتتۇراھال ئاۋازدا چال؛ ئەگەر ئىشتكۈچى ئاق يۈزلۈك، سېمىز ۋە مەرتىۋىلىك بولسا، تولاراق تولۇق ۋە يۇقىرى ئاۋازدا چال. چۈنكى نەغمىلەرگە ئادەملەرنىڭ تۆت خىل مىزاجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرتىپ بېرىلگەندۇر.

گەرچە مەن سازەندە - نەغمىكەشلەرنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق كەلمىسەممۇ، سېنى بۇ

مەنىلەردىن خەۋەردار قىلىش ئارزۇسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلدىم. ساڭا مەلۇم بولغايكى، يەنە تىرىشىپ ھېكايىلەرنى كۆپلەپ ئۈگەن، يادقا ئال. نەغمە قىلىپ چارچىغاندا ھېكايە ئېيتىش، ھەزىل - چاقچاق قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭنى بىر ئاز بولسىمۇ راھەتلەندۈرەلەيسەن. ئەگەر شائىر بولساڭ، ھەمىشە ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىڭغىلا ئاشىق بولىۋالما، يەنى ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىڭنىلا ئېيتىپ تۇرىۋالما. ھەممە بېيىتلارنى ئۆز شېئىرىڭ بىلەنلا ئوقۇما. چۈنكى ئۆز شېئىرىڭ ئۆزۈڭگە خۇش كەلگىنى بىلەن، يەنە بىراۋغا خۇش كېلىشى ناتايىن. ناۋادا مەجلىس ئەھلى دامكا ياكى شاھمات ئويناۋاتقان بولسا، سەن ھەم ئويۇنغا قىزىقىپ نەغمەڭنى توختىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلما. چۈنكى ساھىبخان سېنى مېھمانلارغا ساز چېلىپ، نەغمە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرغان. ئويۇن (دامكا - شاھمات) ئويناشقا چاقىرغان ئەمەس. قاچانكى غەزەل ئېيتساڭ ياكى ئۈگەنسەڭ ۋەزنىنى ئوبدان بىلىپ ئېيت ياكى ئۈگەن. ۋەزنىگە چۈشمەيدىغان غەزەل ياكى كۈيلەرنى ئېيتقۇچى بولما. ۋەزنىسىز ئېيتىلغان غەزەل ساڭا خۇش كەلگىنى بىلەن ئۆزگىلەرگە خۇش كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە ئاشىق بولساڭ، شۇ ئاشىقلىق تۈپەيلى ھەمىشە ئۆز ھال - ئەھۋالىڭنى بايان قىلىدىغان شېئىرلارنىمۇ ئوقۇپ يۈرمە. چۈنكى ئۇمۇ ساڭا خۇش كەلگىنى بىلەن ئۆزگىلەرگە خۇش كەلمەيدۇ. ئېيتماقچى بولغان ھەربىر غەزەلنى ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە ئوقۇغىن. شېئىر ۋە غەزەلنى كۆپرەك يادقا ئال. مەسىلەن، ھەر پەسلىگە، پىراق (ئايرىلىش)، ۋىسال، مالامەت، غەزەپ، مەنئىي ۋە مەقبۇل، ۋاپا ۋە جاپا، ئېھسان، ۋاقىت، پەزىلەت، ھال - ئەھۋال قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئىگە تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرلارنى يادقا ئال. ھەر پەسىلدە پەسىلگە بېقىپ ئوقۇيدىغان غەزەللەرنى ئۈگەن. باھار پەسلىدە كۈزگە، كۈز پەسلىدە باھارغا تەۋە غەزەللەرنى ئوقۇشتىن ساقلان. ھەرقانداق بىر غەزەلنى ئۆز پەسلىگە قاراپ ئوقۇشنى بىل. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ۋاقتى - پەيتىنى ئوبدان پەرقلەندۈر. ئەگەر بىرەر مەجلىس - ئولتۇرۇشقا بارساڭ، ئۇستازىڭ يوق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن مەجلىس ئەھلىگە، جۈملىدىن، قارشى تەرەپنىڭ ھال - ئەھۋالىغا دىققەت بىلەن قارا. ناۋادا مەجلىس ئەھلى ياكى قارشى تەرەپ مەرتىۋىلىك ھەمدە ساز - نەغمىكەشلىك ھۈنەرلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەردىن بولسا، ساز - نەغمىنى ئۆز تەرتىپىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلا. ئەگەر يىغىن ئەھلى يىگىتلەر ۋە گۆدەكلەر بولسا، ئاشىقلارغا خاس مۇقاملارنى چېلىپ، خوتۇن - قىزلار ۋە يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىدىغان شوخ غەزەللەرنى ئوقۇغىن. ئەگەر يىغىن ئەھلى لەشكەرلەر ياكى ھەييارلاردىن بولسا، رۇبائىيلار ۋە باتۇرلۇققا دالالەت قىلىدىغان شېئىر - بېيىتلارنى ئوقۇغىن. ھەرگىزمۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان — جەڭ قىلماق، قان تۆكمەك ۋە ھەييارلىق، ھىيلە - مىكىر قاتارلىقلارغا دالالەت قىلىدىغان بېيىتلارنى ئوقۇما. پادىشاھلارغا خاس شاھانە نەغمىلەرنى ھەم چالما. سازەندىلىكنىڭ شەرتى شۇكى، ئاۋۋال ئاممىباب پەدىلەردىن بىر قاتار چېلىپ ۋە ئېيتىپ، ئاندىن كېيىن ھەرقايسى پەدىلەردىن، مەسىلەن، ئىراق، ئۇششاق، سىگاھقا ئوخشاشلارنى ئادا قىل، ھەرگىزمۇ مۇزىكا كۈيلىرىنى، مەسىلەن، باياۋان، نەۋا، . . . دېگەنلەرگە ئوخشاش، سازەندىلىك قائىدىسى بويىچە تولۇقى بىلەن ئادا قىلىپ، ئاندىن ئاممىباب پەدىلەرنى چالىمەن دېمە. چۈنكى سەن مۇترىبلىق، يەنى سازەندىلىك شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغۇچە، مەجلىس ئەھلى مەست بولۇپ تارقىشىپ كېتىدۇ. ياخشىسى سەن مەجلىس ئەھلىگە قارا. ۋاقتىكى، قەدەھ كىمگە يەتسە ۋە شۇ كىشى قايسى مۇقامنى خالىسا، شۇ مۇقامنى چال. ئىشتكۈچى ھەم سەندىن رازى بولىدۇ. سازەندىلىك ھۈنىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى — ئىشتكۈچىنىڭ تەبئىتىگە بېقىپ

نەغمە قىلىشتۇر.

مەجلىس ـ ئولتۇرۇشلاردا باشقىلار ساڭا قەدەھ سۇنسا، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قولۇڭغا ئال، ئەمما مەينى كۆپ ئىچمە. كۆڭۈل بىلدۈرۈپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى ساقلا. ھەرقاچان مەستلەر بىلەن جېدەل قىلما. مەست كىشىلەر مۇقامدىن تاشقىرى غەزەل ياكى ناخشا ئېيتسا، ئۆز ھالىغا قويۇپ بەر. مەستلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكۈچى بولما. مۇنازىرىدىن پايدا چىقمايدۇ. ناۋادا شۇ سورۇندا يەنە بىر نەغمىكەش بولۇپ، چالغان ۋە ئېيتقان پەدىلىرى ۋەزىنگە چۈشمەي قالسىمۇ، ئاچچىق قىلما. تۈزىتىمەن ھەم دېمە. ئىختىيارىغا قوي. بولمىسا قول ـ پۇت سۇنۇپ ۋە ياكى ئېگىن يىرتىلىپ ئۆيگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، سازەندىلەر مەستلەرنىڭ كېراكىشىدۇر. ئەمما مەستلەر ئارىسىدا ئاچچىق قىلساڭمۇ، كىراكەش بولساڭمۇ ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ. بەلكى مۇشت بېرىشىدۇ.

ئەگەر مەجلىستە بىرەر كىشى سېنى ماختىسا، ئۇ كىشىگە ئەدەپ بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ خالىغان كۈي ـ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەر. تا ئۆزگىلەر ھەم سېنى ماختاشسۇن. مەقسىتىم ھاسىل بولسۇن دېسەڭ، چالماق ۋە ئېيتماقتىن مالال بولما. چۈنكى مۇترىب (سازەندە) لار ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ ھۈنەر ـ سەبرىدۇر. مۇترىبلار (سازەندىلەر) سەبرىلىك، يەنى ئېغىر ـ بېسىق بولمىسا، ھەمىشە ھۆرمەت ـ ئابرۇيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇترىب (سازەندە) قارىغۇ، گاس ۋە گاچا بولغاي، يەنى ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغاي ۋە كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە كۆز سالمىغاي، مۇنداق سازەندە ھەمىشە ئۇي ئىگىسىدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇسىدۇر.» ۋەسسالام!

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب. پادىشاھلار خىزمىتىدە بولماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بولساڭ، ناۋادا پادىشاھ سېنى ئۆزىگە يېقىن كۆرسە، شۇ يېقىنلىق تۈپەيلى تولا مەغرۇرلىنىپ كەتمە. مۇمكىن بولسا، پادىشاھلارغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ كەتمە، يەنى پادىشاھلاردىن يىراقراق تۇر. ئەمما خىزمىتىدىن، يەنى پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشتىن قاچما. چۈنكى پادىشاھلارغا يېقىن بولماقتىن يىراقلىق ھاسىل بولىدۇ؛ خىزمەت قىلماقتىن يېقىنلىق ھاسىل بولىدۇ. ناۋادا پادىشاھ سېنى قانچىكى خاتىرجەم قىلسىمۇ، سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭنى خاتىرجەم ھېسابلىما. ھەرقاچان سېمىز بولساڭ، يەنى ئازراقلا «سەمرىسەڭ» قالساڭ، شۇ «سېمىز» لىكىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. باشقىلار ھەم سېنى «ئۆلتۈرمەك» نىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇڭا ھەرقانچە ئەزىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزۈڭنى تونۇماقتىن غاپىل بولما. پادىشاھنىڭ مەقسەت ـ ئارزۇسىدىن تاشقىرى ھەرقانداق سۆزنى ئېيتقۇچى بولما ھەم پادىشاھنىڭ مەقسەت ـ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلما. «ھەرقانداق كىشى پادىشاھنىڭ مەقسەت ـ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئەجىلى يەتمەي ئۆلىدۇ. بىگىزگە مۇشتلىماق ئەخمەقلىقتۇر.» دېگەن گەپ بار.

ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشىنى ياخشىلىقتىن بۆلەك يولغا باشلىما. ياخشىلىقى ساڭا ھەم

يېتىدۇ. ئەگەر يامان ئىشنى ئۆگەتسەڭ، ساڭا ھەم يامانلىق قىلغۇسىدۇر، يەنى يامانلىقى ساڭا ھەم يېتىدۇ.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، فەزلۇن ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئۇردا كاتتىلىرىدىن دىلىم ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتەتتى. مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ھەرقانداق بىر كىشى گۇناھ سادىر قىلىپ زىندانغا تاشلاشقا توغرا كەلسە، ئەمىر فەزلۇن ئۆزى شۇ كىشىنى تۇتۇپ زىندانغا سالاتتى. دىلىم دائىم فەزلۇنغا: «ئادەملەرگە ئازار بېرىشنى ئۆزۈڭگە خوب كۆرمە. ئەگەر ئازار بەرمەكچى بولساڭ، ئۆلتۈرىۋەت» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. ئەمىر فەزلۇن دىلىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلۇغلاردىن نەچچىلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. كۈتۈلمىگەندە دىلىم بىر گۇناھ سادىر قىلدى. فەزلۇن ئۇنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرىدى. دىلىم كىشى ئەۋەتىپ: «نەچچە مىڭ دىنار بېرەي، مېنى ئۆلتۈرمىسۇن» دېدى. فەزلۇن: «ئازار يەتكەن كىشىنى ئۆلتۈرمەكنى سەندىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ جاۋاب ئېيتىپ دىلىمنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. دىلىمنىڭ باشقىلارغا يامان ئىش ئۆگەتكىنى بۇرنىدىن چىقتى. يامانلىق قىلىپ ياخشى ئاتاقتا ئېرىشكەندىن، ياخشىلىق قىلىپ يامان ئاتاقتا ئېرىشكەن ياخشىدۇر. شۇڭا يامان نىيەتلىكنىڭ ئاخىرىنى نۇقسان دەپ بىل. دۆلەتكە، يەنى نام - ئاتاقتا ئېرىشكەن كۆڭلىرىڭدە مەغرۇرلانما. پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق نام - ئاتاق تەلەپ قىل. نېمەت تەلەپ قىلما. چۈنكى نېمەت نام - ئاتاقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىدۇ. پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئارقىلىق نام - ئاتاقتا ئېرىشىش، مال - دۇنيا ئارقىلىق نام - ئاتاقتا ئېرىشكەندىن ئارتۇقتۇر. پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە يۈرگىنىڭدە ھەرقانچە دۇنيادار (باي) بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئۆزۈڭنى نامرات كۆرسەتكىن. كۆرمىدىڭمۇ، قوي قاچانكى ئورۇق بولسا، ھېچكىمنىڭ ئۆلتۈرگۈسى كەلمەيدۇ. سېمىز بولسا، ھەممە كىشىنىڭ ئۆلتۈرگۈسى كېلىدۇ.

پۇل - دۇنيا تاپماق ئۈچۈن پادىشاھىڭنى ساتما. پادىشاھلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەرمايە سالغانغا باراۋەردۇر. پايدا ئەلۋەتتە قىلغان خىزمىتىڭ ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ھەقلىق پايدىنى دېسەڭ، سەرمايەڭنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما. سەرمايە ئورنىدىلا بولسا، پايدىدىن ئۈمىد باردۇر. ئەگەر سەرمايە قولدىن كەتسە، پايدىغا ئېرىشكىلى بولماس. مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى ھالاك بولماقلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق كىشى نام - ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مال - دۇنيا غەملەشنىڭ كويىدا بولىدىكەن، ئۇ پاتلا ھالاك بولىدۇ. شۇڭا مال - دۇنيا غەملەشمۇ ئۆز يولىدا — ھەقلىق يوسۇندا بولغىنى تۈزۈك. كىمكى خەلقنىڭ تىلى مېنى يامان دېيىشتىن باغلانسۇن، دەيدىكەن، ئۇ ھالدا شۇ كىشى خەلقنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشى، يەنى خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن خەلقنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

ۋاقتىكى، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئەتىۋارلىنىپ مەرتىۋە تاپساڭ، پادىشاھنىڭ ھەققىدە ھەرگىز خىيانەت قىلما. خىيانەت بەدبەختلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. دەرھەقىقەت، ئۆزىنى ئەتىۋارلاپ مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن كىشىگە، يەنى خوجىسىغا خىيانەت قىلىش خۇدايىتائالا ئاتا قىلغان بەخت - تەلەيىنى قاچۇرىۋەتكەن بىلەن باراۋەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆزۈڭنى ئەتىۋارلاپ مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگۈچىنىڭ ھەققىدە ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلما.

**ھېكايەت:**

ئەمىر فەزلۇن ئەبۇس - سەۋاد ئەبۇل - بەشەرنى باش قوماندان قىلىپ رۇم ۋىلايىتىگە بۇيرۇغانىدى. ئەبۇل - بەشەر:

— تا زىمىستان كىرمىگۈچە بارمايمەن. چۈنكى ياز پەسلىدە رۇمنىڭ ئاب - ھاۋاسى تولىمۇ ياماندۇر، — دېدى. بۇ خۇسۇستا، يەنى رۇمغا بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىدە تولا جېدەل - تالاش - تارتىشلار بولدى.

فەزلۇن:

— نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە مۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىسەن؟ كىشى ھەرگىز بىئەجەل ئۆلمەيدۇ، — دېدى.

ئەبۇل - بەشەر دېدىكى:

— ئەي پادىشاھ، سەن ئېيتقاندەك ھېچكىم ئەجەل يەتمىگۈچە ياز پەسلىدە رۇمغا بارماس.

ھەرقاچان ئاقىۋەتنى ئويلاپ ئىش قىل. دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئىشلىرىدىن غاپىل بولما. تاكى دوستلىرىڭغا مەنپەئەت، دۈشمەنلىرىڭگە زەرەر يەتكۈزمەكنىڭ كويىدا بول. ئۇلۇغلۇقنىڭ ئوبدىنى — دوست بىلەن دۈشمەنگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئۇلۇغ كىشى مېۋىسىز دەرەختەك بولۇپ قالمىغاي. چۈنكى مېۋىسىز دەرەختىن كىشىگە مەنپەئەت يەتمەس. كىشىگە مەنپەئىتى يەتمەيدىغان ئادەم يۈز مىڭ دىنارى بار جوھۇتقا ئوخشايدۇ. كىشىگە مەنپەئىتى يەتمەيدىغان ئادەمنىڭ ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەم جوھۇد - ناكەس ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا يىغماقلىقنى ھەم ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەم كىشىنى ھاجىتىدىن چىقارماق ئۈچۈن دەپ بىل. ئادىمگەرچىلىك قىلىشنى ئادەملەردىن قىزغانما. شەرىئەت ئىگىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن): «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر» دېگەن.

شۇنىمۇ بىلگىنكى، دۆلىتى ئىنتىھاسىغا (ئاخىرىغا) يېتىپ قالغان كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلما. چۈنكى ئۇنداق كىشىنىڭ زاۋالى يېقىنلاپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بىر ھالدا تۇرۇشنى خالىساڭ، ئۆزۈڭنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبدۇللاھقا ئېيتقىنىدەك تۇت.

ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) ئوغلى ئەبدۇللاھقا دېدىكى: «بىلگىل، ئەي ئوغلۇم، بۇ كىشى، يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەممە كىشىدىن ساڭا ئىشەنچ قىلىپ، سېنى قېشىدا تۇرغۇزدى. ئەگەر دۈشمىنىم مەندىن غالىب كەلمىسۇن دېسەڭ، بەش خىسلەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت. تا ئەمىن بولغايسەن:

بىرىنچى، [پادىشاھ] سەندىن ھەرگىز يالغاننى ئىشتمىگەي؛

ئىككىنچى، كىشىنىڭ قېشىدا غەيۋەت قىلمىغىن؛

ئۈچىنچى، ئۇنىڭغا، يەنى پادىشاھقا ھېچ ئىشتا خىيانەت قىلمىغىن؛

تۆتىنچى، [پادىشاھنىڭ] پەرمانىغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلما؛

بەشىنچى، ئۇنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ سىرلىرىنى ھېچ كىشىگە ئېيتما. بۇ بەش خىسلەت بىلەن مەقسىدىڭگە يېتەلەيسەن.»

يەنە بىرى، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەرگىزمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويساڭ، ئۆزۈڭنى سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغاندەك كۆرسەتمە. ئىمكان بار بىلمەسلىككە سالغىن. پادىشاھ سېنىڭ قەستەن سەۋەنلىك سادىر قىلغىنىڭنى بىلىپ قالمىغاي. ھەم ئۇ سەۋەنلىكنى سېنى «بىلمەي قىلدى» دەپ چۈشەنگەي. «بىئەدەپلىك قىلدى»، «پەرمانىمغا بويسۇنمىدى» دېگەندەك گۇمانغا كېلىپ قالمىغاي. چۈنكى ھەركىم نادانلىقنى گۇناھ ھېسابلىمايدۇ. ئەمما بىئەدەپلىك ۋە پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى ئەلۋەتتە گۇناھ ھېسابلايدۇ.

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەمىشە تەييار تۇر. گەرچە سېنى بۇيرۇمىسىمۇ باشقىلارغا بۇيرۇلغان خىزمەتنى ھەم سەن بېجىرىشنىڭ كويىدا بولغىن. قاچانكى پادىشاھقا كۆرۈنمەكچى بولساڭ، بىرەر خىزمەت ئۈستىدە كۆرۈنگىن. ھەرقاچان ھۇزۇرىدا ھازىر بول. كىمنى چاقىرسا، سېنى كۆرگەي. چۈنكى پادىشاھلارنىڭ ھىممىتى ھەمىشە ئۆز خىزمەتكارلىرىنى سىناش بەدىلىگە يېتىدۇ. خىزمەتكارلار ھەم ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، مەرتىۋەڭ كىچىك ۋاقىتتا رەنج - مۇشەققەت تارتماي تۇرۇپ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيسەن. كۆرمىدىڭمۇ، نىل ياپرىقى ئېزىلمىگىچە نىل (كۆك بوياق) بولماس!

يارانقۇچى تەڭرىم پادىشاھلارنى شۇنداق ئاپىرىدە قىلغانكى، ھەممە ئالەم ئۇنىڭ بەندىلىكىگە مۇھتاجدۇر. شۇڭا پادىشاھقا ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى ئاشۇرۇپ كۆرسەتمە. ئەگەر ئۆزىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ھەم چەكتىن ئۆتكۈزمىگىن. گەرچە قىلغان گەپ - سۆزۈڭ راست بولسىمۇ، ھەمىشە پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورققىن. ئىككى ئىشقا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ: بىرى، پادىشاھنىڭ سۆزى؛ ئىككىنچىسى، ھۆكىما ۋە ئاقىللارنىڭ نەسىھىتى. ھەرقانداق كىشى بۇ ئىككى ئىشقا سەل قارىسا، خار بولغۇسىدۇر.

دېمەك، پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە بولماقنىڭ شەرتلىرى يۇقىرىقىلاردۇر. بىلگىنىمچە دېدىم. ھەر كىم ئاڭلىسا ۋە ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا خوبتۇر. ناۋادا سەن مۇشۇ دەرىجىدىن ئۆتسەڭ ياكى بۇنىڭدىن چوڭراق مەرتىۋىگە ئېرىشسەڭ ياكى پادىشاھلارغا خىزمەتكار ۋە نەۋكەر بولۇشقا ئۇلاشساڭ، ساڭا مەلۇم بولسۇنكى، ئەمدى بۇنىڭ، يەنى پادىشاھقا نەۋكەر بولماقنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلاي.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب. پادىشاھلارغا نەۋكەر بولماقنىڭ بايانى①

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر پادىشاھلارنىڭ نەۋكەرلىكىگە يەتسەڭ، ناۋادا ھال - ئەھۋالىڭ بۇ خىزمەتكە ئانچە ماس كەلمىسە، نەۋكەرلىك ئىشىنى زىنھار قوبۇل قىلما. چۈنكى ھەرقانداق كىشى پادىشاھقا يېقىن خىزمەتكار (مەھرەم) بولىدىكەن، ھەممە ئىشتا كامالەتكە يېتىشى،

① مۇندەرىجىدە «پادىشاھلارغا كاتىپ بولماقنىڭ بايانى، يەنى مەخپىيەتلىكلەرنى پۇتمەك ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا بايان» دېيىلگەن.

ئىختىيارلىقى پادىشاھنىڭ پەرمانىدا بولۇشى، ئاندىن خۇش چىراي، يەنى ھەر كىم بىلەن مۇلاقات قىلغاندا خۇش مۇئامىلىلىك بولۇشى لازىم. يەنە بىرى، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى بىلىشى، شۇنىڭدەك، ۋاقتى يېتىپ بىرەر خىلۋەت جايدا بىرەر نىمە پۈتۈش ھاجەت بولسا، پۈتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

نەۋكەر بولغان كىشى ئۆزى شائىر بولمىسىمۇ، شېئىرنى بىلىشى ۋە شېئىرنىڭ ياخشى - يامىنىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئەرەبچە، پارسچە شېئىرلارنى يادقا بىلىدىغان بولۇشى لازىم. ناۋادا پادىشاھقا شائىر ھاجەت بولسا، شائىر ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغاي. يەنە تېۋىپلىك ئىلمىنى، نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىلمىنى ھەم بىلگەي. ناۋادا ئۇشبۇ ئىلىملاردىن سۆز بولسا، تېۋىپ ھەم مۇنەججىم ھازىر بولغۇچە، بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى دەپ ئولتۇرغاي. شۇندىلا نەۋكەرلىك شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىدۇ. تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە پادىشاھتا ھەم ئۇنىڭغا، يەنى نەۋكەرگە قارىتا ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. مايىللىقى كۈچىيىپ بارىدۇ.

[نەۋكەر بولغۇچىنىڭ] يەنە غەزەل ئوقۇماق ۋە نەغمە قىلماقتىن ھەم ئاز - تولا خەۋىرى بولغاي. خاس، خىلۋەت ۋاقىتتا — سازەندە بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزى بىلگەن پەدە بىلەن پادىشاھنىڭ ۋاقتىنى خۇش تۇتالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھېكايە - چۆچەكلەرنى، كۈلۈشمەكلەرنى، يەنى قىزىقارلىق پاراڭ (يۇمۇر) لارنى كۆپ بىلگەي. چۈنكى نەۋكەر بولغۇچى قىزىقارلىق ھېكايە ۋە غارايىب سۆزلەرنى بىلمىسە، نەۋكەرلىك مەرتىۋىسىگە يەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە دامكا - شاھمات ئويۇنلىرىنى بىلگەي. لېكىن قىمارۋاز بولمىغاي. ئۆز تەبىئىتىچە قىمار ئوينايدىغان كىشى ھەرگىزمۇ پادىشاھلارنىڭ نەۋكەرلىكىگە يارىمايدۇ.

يەنە قۇرئان ۋە تەپسىر ئىلمىدىن ھەم بىر نەرسە بىلگەي. شەرھىي ئىلمىدىن ھەم خەۋەردار بولغاي. ناۋادا پادىشاھ مەجلىسىدە بۇ مەنىلەردىن سۆز بولۇپ قالسا، ئالىملارنى ھازىر قىلىمەن دەپ ئولتۇرماي، دەرھال جاۋاب بېرىشكە يارىغاي.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە تارىخ ۋە تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان ھەم پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولۇشى لازىم. ۋاقتىنىكى، پادىشاھلار ئالدىدا ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ۋە دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان، ئۇنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئورنىتالايدىغان بولسۇن. بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ بەندىلىرىگە پادىشاھتىن مەنپەئەت يەتكەي!

ھەرقانداق بىر ئىلىمنى بىلگەن ياكى ئۆگەنگەن بولساڭ، ئەمما شۇ ئىلىمنى ئەمەلدە ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا بىلمىگەنگە باراۋەردۇر.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە قورقماس، باتۇر بولۇشى لازىم. ۋاقتى كەلگەندە كۈچ - قۇدرىتىنى، باتۇرلۇقىنى كۆرسەتكەي. بىر كىشى ئىككى كىشىگە باراۋەر تۇرالىسا، ئۇ كۈچلۈك، باتۇر سانىلىدۇ. نەۋكەر يەنە شۇنداق بولۇشى كېرەككى، كۈتۈلمىگەندە بىرسى پۇرسەت تېپىپ خىلۋەتتە خوجايىنىغا خىيانەت قىلىش نىيىتىدە بولىدىكەن، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەي. شۇ سەۋەبلىك، يەنى نەۋكەرنىڭ باتۇرلۇقى سەۋەبىدىن خوجايىنىغا زەرەر يەتمىگەي. ئەگەر شۇ باتۇرلۇقى تۈپەيلى، يەنى خوجايىنىنى قۇتۇلدۇرۇش

يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئەلۋەتتە خوجايىنى ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئات (نام) بىلەن كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ھالدا پەرزەنتلىرى ۋە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈش خوجايىن ئۈچۈن ۋاجىب بولىدۇ.

— ئەي ئوغۇل، مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەگەر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بار بولسا، ئۇ ھالدا نەۋكەرلىك ئىشىغا يارايسەن. ئەمما مېنىڭ دېگەنلىرىمنى بىھۇدە، ئارتۇقچە سۆز دەپ قاراپ، پەقەت نان تېپىپ يېيىش ئۈچۈنلا نەۋكەر بولساڭ، ئۇ نەۋكەرلىك ئەمەس، بەلكى تولىمۇ پەسكەشلىك ۋە بېخىللىقتۇر. ناۋادا نەۋكەر بولماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن نەۋكەرلىكنىڭ تەدبىرىنى - شەرتىنى ئادا قىل. ئۇ خىزمەت، يەنى نەۋكەرلىك سېنىڭ قولۇڭدا ئۇۋاللىقتا قالمىغاي. يەنە ھەم سەن شۇ خىزمەتتە ھازىر بولساڭ، خوجايىنىڭنىڭ ھالىدىن غاپىل بولما. ھەممىشە خىزمىتىڭگە پۇختا بولغايسەن. پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە، ئۇنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ خاس چۆرىلىرىگە كۆز سالما. ئەگەر ساقى ساڭا شاراب تۇتسا، ساقىغا ھەم تىكىلىپ قارىما. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ساڭا نىسبەتەن ئۆزگىچە خىيال چۈشۈپ قالمىغاي. ھەرقانداق چاغدا ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا. تاكى قازى ئەبدۇل - مەلىكنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالمىغايسەن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، قازى ئەبدۇل - مەلىك شارابخۇمار كىشى ئىدى. ئۇ ئۇشبۇ سەۋەبتىن مەنسىپىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. بىر كۈنى مەئمۇن خەلىپە شاراب مەجلىسىدە ساقىغا: «ئەبدۇل - مەلىككە شاراب تۇتقىل» دەپ بۇيرىدى. ساقى شاراب تۇتتى. ئەبدۇل - مەلىك شارابنى ئېلىۋاتقان چاغدا ساقىغا تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر كۆزىنى يۇمۇپ ساقىغا ئىشارەت قىلدى. مەئمۇن خەلىپە ئۇنى كۆرۈپ قالدى. قازى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن يۇمغان كۆزىنى يۇمۇپ تۇرىۋەردى. بىر سائەتتىن كېيىن خەلىپە:

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قازى دېدىكى:

— ئەي ئەمىرۇل - مۇئمىنىن (مۇسۇلمانلار ئەمىرى)، ھېچ بىلمىدىم، نېمە بولدىكىن، كۆزۈم تۇرۇپلا يۇمۇلۇپ قالدى.

شۇندىن كېيىن تاكى مەئمۇن خەلىپە ھايات ۋاقتىدا، يەنى مەئمۇن خەلىپە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئاشۇ گۇماننى خەلىپىنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىش كويىدا قازى شۇ بىر كۆزىنى زادىلا ئاچمىدى.

شۇنى بىلگىنكى، پادىشاھقا يېقىن بولغان كىشىنىڭ يۇقىرىدا مەن بايان قىلغاندەك ھۈنەرلىرى بولغاي، شۇندىلا پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇشقا يارايدۇ. ۋەسسالام!

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

# تارىخى رەشىدى①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

## موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### مەنسەپنىڭ ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىشنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ سۈننەتلىرىدىن دەلىللەر كەلتۈرۈلىدۇ

مەنسەپنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ كىتابىدىن دەلىل شۇكى، [پاك ۋە بۈيۈك ئاللاھ] شەرەپلىك «قۇرئان»دا: «ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق. (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.»②دەپ خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى شۇكى، ئاللاھ: «بۇ ئاخىرەت ماكانىنى، يەنى بېھىشنى بۇ دۇنيادا چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كۆزلىمەيدىغان بەندىلىرىم ئۈچۈن ياراتتىم» دېدى. بىلمەك كېرەككى، پاك تەڭرى تائالا چوڭچىلىق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلەشتىن بەندىلەرنى توستى. ئەگەر چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق كۆرۈلسە ئۇنى تولۇق چەكلەيدىغان يېتەرلىك دەلىل مانا شۇ. مەنسەپ تالىشىشتىن ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشتىن كۆپ ھەزەر قىلغىن. شۇندىلا جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولىسەن. «ئاقىۋەت تەقۋادارلارنىڭدۇر.» بۇ يەردىكى ئاقىۋەتتىن مۇرات ياخشى ئاقىۋەتتۇر. ھەرقانداق بەندىنىڭ ئاقىۋىتى بار. ئۇ ياكى ياخشى ئاقىۋەت ۋە ياكى يامان ئاقىۋەت. ئەمما، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا نېسىپ بولغۇسى.

[خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ]: «مال ۋە مەنسەپ ئىنتىپاقسىزلىقنى خۇددى سۇ گىياھنى ئۈندۈرگەندەك ئۈندۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسى بار. بۇ يەردە مال ۋە مەنسەپنىڭ ھەقىقىتى بايان قىلىنىدۇ. [مال بىلەن مەنسەپ ئىككى مەزمۇندۇر.] مال دېگەن سۆز ئۇلۇغ - ئۇششاق كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ. مەنسەپ دېگەن سۆز كۆڭۈلنى ئىگىلەشكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ باشقىلاردىن تەزىم ۋە ئىتائەتنى تەلەپ

---

① بېشى ئالدىنقىساندا

② «قۇرئان كەرىم»، 28 - سۈرە قەسەس، 83 - ئايەت.

قىلىدۇ. مەنسەپ تەلەپ قىلغۇچى مۆمىنلەرگە مەدەتكار بولۇشنى كۆزلىشى كېرەك. شۇندىلا مەنسەپ مۇبارەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇدا ۋە رەسۇلىمۇ رازى بولىدۇ. بۇنداق مەقسەت بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ نەپسى ۋە ھاۋايۇ ھەۋىسى ئۈچۈن مەنسەپ تەلەپ قىلسا، بۇ ئاخىر ئازاب - ئوقۇبەتكە ۋە جازاغا ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. مەنسەپ تۇتۇش مۆمىنلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى نۇر ۋە پاكلىقتۇر. بۇمۇ تائەت - ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كۆپلەپ مال تاپسام، بۇ مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىگە ئازراق مەنسەپ سېتىۋالسام، بۇ مەنسەپنى ئاجىز ۋە بىچارە مۆمىنلەر ئۈچۈن ئىشلەتسەم دەيمەن.» [بەيت:

*كۆن نىيەتى ھەر خەيركى گەر مانى باز،*

*ئەز مۇزدى ئەمەل بىمۇزدى نىيەت بىرەسى.*

(ھەرقانداق ياخشى نىيەتنى قىلغىن، ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەققىڭدىن ئاۋۋال نىيەت قىلغانلىقىڭنىڭ ھەققى يېتىدۇ.)]

دېمەك، بەندە ھەرقانداق ئەھۋالدا ياخشى نىيەت قىلىشى، كاتتا ئەجىر - ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئۇ نىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى لازىم. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ، مەسچىتكە ماڭىدۇ، لېكىن جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمەي، ئازاپلىنىپ، غەمكىن بولىدۇ. جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى ياخشى نىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، تەڭرىتائالا ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئەجىر ۋە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بامدات ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغانىدى، لەنەتكەردى شەيتان كېلىپ، بامدات نامىزى قازا بولمىسۇن دەپ ئۇ ھەزرەتنى ئويغاتتى. ئۇ ھەزرەت قوپۇپ، نامازغا مەشغۇل بولدى. چۈنكى شەيتانغا مەلۇم ئىدىكى، ئەگەر ئۇ ھەزرەت ناماز بامداتنى قازا قىلغان بولسا، شۇنچە ئازابلانغان بولاتتى، تەڭرىتائالا ئۇ قايغۇ ۋە ئازابىنىڭ بەدىلىگە نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىگەنىنىڭ ئەجىر - ساۋابىدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب ۋە ئەجىر ئاتا قىلغان بولاتتى. شۇڭا، لەنىتى شەيتان ئۇ ھەزرەتنى ئاشۇ ئەجىردىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئويغاتقانىدى.

[يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن مەنسەپنىڭ ھەقىقىتى شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى، ھەقىقىي مەنسەپ ئىگىسى بولغۇچى كىشى ئۆز تەۋەلىرىنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىگىلەش كېرەك، شۇ ئارقىلىقلا ئۆز قابىلىيىتىنى ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرى ئۈچۈن سەرپ قىلالايدۇ. مەنسەپ ئىگىلىرى ئىچىدىكى يارىماس، پەس كىشىلەر ئۆز تەۋەلىرىنىڭ جىسمانىي ۋۇجۇدىغا پادىشاھلىق قىلىپ، شۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ، بۇلار ئۆزىنىڭ مەرتىۋە - نەسەب ئېتىبارى بىلەنلا مەنسەپ ئىگىسى دەپ ئاتىلىدۇ.]

مال - مۈلۈكنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان مۈلۈكتۇر. ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىر، پۇل، خىزمەتكار، ھايۋانات، مەسىلەن ئات، ئېشەك، كالا، ئېكىنزار ۋە كىشىلەر پايدىلىنىشقا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەندە بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئۆز نەپسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى كۆزلەپلا

يىغىشقا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ ئۆز ئۆمرىنى زايا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر شۇنى ۋاستە قىلىپ، مەنىۋى جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشسە، ئالىم بولسا ياكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئۇ مال - مۈلۈكنى تەڭرى‌تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلسا، بۇنداق مال - مۈلۈك شەرەپلىك ۋە مۇبارەكتۇر. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قولى ئۇزۇنلۇق بىلەن دۇنيا ئەسۋابلىرىنى يىغىش، نەچچە كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ھايات ئۈچۈن، خۇدانى ئۇنتۇپ مال - مۈلۈك توپلاش ئالىي ھىممەتلىك دەرۋىشلەر مۇقامىدا يوق ئىش. بەيت:

*دىلا، تا كەي دەرىن دەيرى مەجازى*
*كۈنى مانەند تىفلان خاكبازى؟*

(ئەي كۆڭۈل، بۇ مەجازى دۇنيادا قاچانغىچە كىچىك باللاردەك توپا - تۇپراق ئوينايسەن؟)

چۈنكى، بىر كىشى ھامان ئاخىرەتكە قاراپ كېتىۋاتقان تۇرۇقلۇق، خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئويلىماستىن پۈتۈن تىرىشچانلىق بىلەن مال - دۇنيا يىغىشقا يۈگۈرسە، ئۇنداق كىشىنى بۇ زاماندىكى توپا ئويناپ ئولتۇرغان بالىلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سائادەتمەن ۋە يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەر شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى تېز زاۋال تاپىدىغان بۇ زاماننىڭ ماللىرىغا ۋە مەككار دۇنيانىڭ تۇراقسىز دۆلىتىگە باغلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇللۇققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ھېمشە «بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارى» دېگەن قۇتلۇق كەلىمىنى زىكىر قىلىپ تۇرىدۇ. بەيت:

*دەر مەزرەئى ئۆمىر تۇخمى نىكۇئى مىكار،*
*تا نامى بەر ئاۋەرى بەنىكۇ كارى.*

(ھايات ئېكىنزارىغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقىن، بۇ ئىشىڭ نامىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرسۇن).

بەندىنىڭ قىلغان ھەرقانداق ئىشلىرىدىن مەقسەت شۇكى، شۇ ئىشقا كىرىشكەندە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پايدىغا ئېرىشىش مۇلاھىزە قىلىنغان بولۇشى كېرەك. سۆزلىگۈچى ئاللاھنى كۆزلەيدۇ. بەيت:

*راھەتۇ رەنج چۈن بۇۋەد گوزەران،*
*رەنج كەش خاھى راھەتى دىگەران.*
*زانكى باشەد بەمەزرەئى ئۈمىند*
*رەنجى تۇ تۇخمى راھەتى جاۋىد.*

(راھەت بىلەن جاپا ئۆتكۈنچىدۇر، مەيلى باشقىلار راھىتى ئۈچۈن جاپا چەككىن، بۇنىڭدىن ئۈمىد ئېكىنزارىدا سېنىڭ چەككەن جاپالىرىڭ مەڭگۈلۈك راھەتنىڭ ئۇرۇقى بولغاي).

ئۈمىدۋار دەرۋىشلەر ۋە ئاخىرەت يولىدىكى سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھېمشە كۆزلەيدىغان

ھوسۇلى دەرد ـ ئەلەم، تەلەپ ۋە مەقسەتلىرى غەم ـ قايغۇدۇر. سۆزلىگۈچى ئاللاھنى كۆزلەيدۇ. بەيت:

*بەجايى ھەر سەرى مو بەر تەنى مەن باد سەد نەشتەر،*
*ئەگەر خالى زىدەردى دوست خاھەم يەك سەرى مۇرا.*

(ئەگەر دوستۇم قىلچىلىك دەردتىن خالاس بولىدىغانلا بولسا، بېشىمنىڭ ھەربىر تۈكى بەدىنىمگە يۈزلەپ نەشتەر بولۇپ سانچىلىشىغا رازىمەن.)

تەلەپكار ۋە مۇھتاج بەندىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، بۇزرۇكۋارلارنىڭ تائىپىسىدىن بولغان ئىتلارنىمۇ ئىززەت ۋە ھۆرمەتتىن چەتتە قالدۇرمىسۇن. چۈنكى، [ئەۋلىيالار پېشىۋاسى، مۇرشىدلار يېتەكچىسى ھەزرىتى خاجە بەھائۇل-ھەق، ۋەددىن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇناجاتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «[مېنى] بىرقانچە [يىلغىچە] ھايۋانلارنىڭ خىزمىتى [ۋە پەرۋىشى]گە بۇيرۇدى. ھەتتا بىر ئىتقا ئىلتىجا قىلىپ، ھاجەتمەنلىكىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ ئىتتىن مەن ھەققىدە قىلغان بىر مۆڭلۈق نالىنى ئاڭلىدىم ـ دە، قولۇمنى كۆتۈرۈپ «ئامىن»، دېدىم. ئۇ ئىت پۇت ـ قولىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ نالە قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن تەڭرى دەرگاھىغا قاراپ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم.» نەزم:

*ماڭا تەگىن ئەتمە، گەر ئىتنىڭ ئاياغىن سۆيسەم، ئەي ناسىھ،*
*كى ئانى دوستىنىڭ كويىدا مەن بىر كۈن كۆرۈپ ئېردىم.*

پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى پۈتكۈل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز دەرگاھىنىڭ مۇھتاجلىرى ھەققىدە مۇناجاتقا كەلتۈرۈشكە قادىر. چۈنكى، بەندىلىرىنىڭ بىرەرسىگە تەڭرىتائالانىڭ ئىنايەت نۇرى چۈشسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممە سەۋەبلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىپ، ئاشۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

ھەزرىتى خاجە ئەبۇلقاسىم گۇرگانى[1] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ «رۇبائىيات»لىرىدىن بىرنەچچە رۇبائىي پېقىرنىڭ ھەسبى ھالىمغا مۇۋاپىق ئىدى. شۇڭا تەۋەررۈك بىلىپ، بۇ ۋاراقلارغا يېزىلدى.

رۇبائىي:

*ئەي سىررى تۇ دەر سىنەئى ھەر ساھىب راز،*
*پەيۋەستە دەرى رەھمەتى تۇ بەر ھەمە باز.*
*ھەر كەسكى بەدەرگاھى تۇ ئايەد بەنىياز،*
*مەھرۇم زى دەرگاھى تۇكەي كەردەد باز.*

تەرجىمىسى:

*ئەي سىررىڭە ھەق سىنەئى ساھىب راز،*
*دائىم ھەمەگە رەھمەتىڭ ئىشىكىدۇر باز.*
*مەھرۇم قاچان يانغۇسى دەرگاھىڭدىن،*
*ھەركىمكى قىلۇر دەرگەھىڭە ئەجزۇ نىياز.*

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلاردا «خاجە ئەبۇلۋەفا» دېيىلگەن.

**رۇبائىي:**

بەر نەفسى خۇدرا چە زۇلم كەردەم بىسيار،
بەر ئەفۋى تۇ كەردەم ئىئتىمادى غەففار.
فەرمانى تۇ ئەز خىلاف كەردەم، لېكىن،
بەر ۋەفقى ئىرادەتى تۇ كەردەم ھەمە كار.

**تەرجىمىسى:**

ئۆز نەفسىمە گەرچە زۇلم قىلدىم بىسيار،
ئەفۋىڭغە قىلۇرمەن ئىئتىماد، ئەي غەففار.
فەرمانىڭگا گەر خىلاف قىلدىم، لېكىن،
سەن قىلغان ئۇچۇن ئىرادە، قىلدىم ھەمە كار.

[ **رۇبائىي:**

ئامەد بەر مەن خەيالى ئۇ نىم شەبان،
گۇفتەمكى: نىسار پايى تۇست ئىن دىلۇ جان.
گۇفتاچە دىلۇ جانكى تۇرا مۇلكى كۇجاست،
ئاسان باشەد سەخاۋەت ئەز مالى كەسان.

**تەرجىمىسى:**

تۈن تەڭدە ئۇنىڭ خىيالى كەلدى بۇ تامان،
ئېيتتىم: نىسار بولسۇن قەدىمىڭگە دىلۇ جان.
ئېيتتىكى: بۇ جانۇ دىلىڭ كىمنىڭ مۇلكى،
كىشىنىڭ مېلىدىن خەير-ساخاۋەت قىلماق ئاسان.]

**رۇبائىي:**

ئەي رەھمەتى ۋاسىئەت پەناھى ھەمە كەس،
لۇتفۇ كەرەمى تۇ ئۇزرخاھى ھەمە كەس.
بەر ئەفۋى تۇ ئىئتىماد دارەم ھەر چەند،
پىشەست گۇناھەم ئەز گۇناھى ھەمە كەس.

**تەرجىمىسى:**

ئەي رەھمەتى ۋاسىئىڭ پەناھى ھەمەنىڭ،
لۇتفۇ كەرەمىڭدۇر ئۇزرخاھى ھەمەنىڭ.
ئەفۋىڭگە كۆپ ئىئتىماد ئېتەرمەن ھەرچەند،
يوق جۇرمۇ گۇناھىمچە گۇناھى ھەمەنىڭ.

[ **رۇبائىي:**

ئەي رەھمەتى كامىل تۇئەم پۇشتۇ پەناھ،
ۋەي بادى مۇلاقاتى تۇئەم تۇشەئى راھ.
جۇز جۇرم زى مەن نامزەد ئەمرى بەزۇھۇر،
چۇن ئەفۋى تۇ پەستى كوھى جۇرم مەنى كاھ.

**تەرجىمىسى:**

ئەي رەھمەتۇ مېھرىڭدۇر پۇشتۇ پاناھىم،
بۇيۇكنى ئېلىپ كەلسە شامال، قۇۋۋەتى جانىم.
ئىشىمدا گۇناھتىن ئۆزگىسى ھېچ بولمىدى سادىر،
بىر دانە سامانمەن، باستى تاغلارچە گۇناھىم.]

**رۇبائىي:**

بىگانە زى ئىخلاسەمۇ ئەز تەقۋا دۇر،
دائىم بەفەرىبى مەكرى شەيتان مەغرۇر.
سەرتا پا گۇناھۇ ئىسيانۇ فۇجۇر،
لېكىن تۇ كەرىمىيۇ رەھىمىيۇ غەفۇر.

**تەرجىمىسى:**

ئىخلاسدىن ئېرۇرمەنكى [ يىراق] ، تەقۋادىن دۇر،
دائىم شەيتان فەرىبى بىرلە مەغرۇر.
باشتىن ئاياغىم گۇناھۇ ئىسيانۇ فۇجۇر،
لېكىن سەنسەن كەرىم، سەتتارۇ غەفۇر.

[ رۇبائىي:

دەر سىنەئى كەسكى دەردى پىنھانەش نىست،
چۇن زىندە نەمايەد ئۇ ۋەلې جانەش نىست.
رەۋ دەرد تەلەب كۇن. . . . . . . . . .
دەردستكى ھىچ گۇنە دەرمانەش نىست.

تەرجىمىسى:

ھەركىمنىڭ دىلىدا گەر دەردى پىنھانى يوق،
كۆرۈنسىمۇ گەرچە تىرىك، لىكىن جانى يوق.
يۈر، دەردنى تەلەب قىل. . . . . . . . . .
شۇنداق دەرد بولسۇنكى، ھىچ دەرمانى يوق.]

رۇبائىي:

دەرد ئەست چۇ دۇرۇ سىنەئى مەردى سەدەف،
رۇھ ئەست چۇ بەھرۇ سۇرەتى جىسمى چۇ كەف.
ئەز جۇنبىشى مەۋجى كەف تەلەف كەرد، ۋەلىك،
دەريا نىشەۋەد جۇنبىشى مەۋجى تەلەف.

تەرجىمىسى:

دەرد ئۇلدى چۇ دۇر، سىنەئى مەرد ئۇلدى سەدەف،
دەريا كەبى رۇھ ئېرۇر مىسلى كەفۇ كەف.
جۇنبىش مەۋجىدىن تەلەف بولغۇسى، لىك،
دەريا بولماس جۇنبىشى مەۋج ئىلە تەلەف.

رۇبائىي:

مىسكىنۇ نامۇرادىيۇ دەردگۇزىن،
با مىسكىنانۇ دەرد مەندان نىشىن.
دەرمان مەتلەبى دەرد بەجۇ، ئەي مىسكىن،
كانرا نەتۋانى تۇ كەي يا بىئىن.

تەرجىمىسى:

مىسكىن بول، نامۇرادۇ ھەم ئەسرۇ ھەزىن،
دەرد ئەھلى بىلە مۇساھىب ئول، ئەي مىسكىن.
دەرمان تەلەب ئەتمە، ئىستەگىلۇ دەردۇ ئەلەم،
بۇ بولمايىن ئانى تاپماغۇڭدۇر بەيەقىن.

رۇبائىي:

ھەر ناخۇشىكى دارى ئەز ھەستى تۇست،
ئەز دىدەنى خىشۇ بەد مەستى تۇست.
مەيدانكى سەئادەتى تۇ دەر ھەردۇ جەھان،
دەر مەسكەنەتۇ تەۋازىئۇ پەستى تۇست.

[ تەرجىمىسى:

غەمكىنىگە ماكان بولغۇچىلارنىڭ ئۆزى سەن،
ئەڭ قەدرى بۈيۈك، گويا مەستانە كۆزى سەن.
مەيدانى سائادىتىڭدەدۇر ھەر ئىككى جاھان،
ئەزىزسەن، يۈكسەكسەن، بەخت يۇلتۇزىسەن.]

رۇبائىي:

خۇررەم دىل ئانكى دەردى يارى دارەد،
ۋەز شادى ھەردو كەۋن ئارى دارەد.①
نى دائىيەكى مۇلكۇ دىيارى دارەد،
بازىلەتۇ فەقر ئىفتىخارى دارەد.

تەرجىمىسى:

خۇش ئۇلكى، دىلىدا دەردى يارى بولسە،
كەۋنەين فەرەھلىكىدىن ئارى بولسە.
نە دائىيەئى مۇلكۇ دىيارى بولسە،
فەقرىغە بەزلەتۇ ئىفتىخارى بولسە.

① بۇ مىسرا پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا بۇ رۇبائىينىڭ ئۈچىنچى مىسراسى بولۇپ كەلگەن.

[رۇبائىي:

مادامىكى مۇشتەغىل بەكارى بەدەنى،
مەئمۇرۇ ئەسىرۇ بەندەئى نەفسۇ تەنى.
پا بەستە بەزەنجىرى سىفەتهايى زەممم،
دەر قەئىر چە ۋۇجۇد مۇمتەھەنى.

تەرجىمىسى:

بىزلەركى بەدەن ئىشىنىڭ دامىغا چۈشكەن،
تەننىڭ ئەسىرى، نەپسىنىڭ پەرمانىغا چۈشكەن.
باغلاقتا يامانلىق زەنجىرىدە پۇتلىرىمىز،
بىز تەكتى ۋۇجۇد ئىمتىھانىغا چۈشكەن.]

رۇبائىي:

ئىن غۇسسەۋۇ ئىن دەرد بەدەرمان نەدەھەم،
ۋىن فەقر بەشاھى سۇلەيمان نەدەھەم.
ئەرزان نەخەرىدە ئەم ئىن فەقرۇ فەنا،
چىزىكى گىران خەرىدەم، ئەرزان نەدەھەم.

تەرجىمىسى:

بۇ دەردۇ غەممىنى نىگە دەرمانغە بىرەي،
فەقرىمنى نىچىن مۇلكى سۇلەيمانغە بىرەي.
بۇ فەقرۇ فەنانى ئالماپ ئىدىم ئەرزان،
قىيمەت ئالىپ ئىردىم، نىگە ئەرزانغە بىرەي.

رۇبائىي:

نابۇد شەۋ، ئەي دوستىكى، بۇدەن خۇش نىست،
فىرئەۋن سىفەت خىش ستۇدەن خۇش نىست.
چۇن ھەستىيۇ كىبرىيا خۇدا دارەد بەس،
چىزىكى نىدارىش نەمۇدەن خۇش نىست.

تەرجىمىسى:

نابۇد بول، ئەي دوستىكى، قىلماق خۇش ئەمەس،
فىرئەۋن كەبى ئۆزنى ئاشۇرماق خۇش ئەمەس.
چۇن ھەستى كىبرىيا خۇدانىڭدۇر، بەس،
يوق نەرسەگە كۇسى لاف ئۇرماق خۇش ئەمەس.

رۇبائىي:

بىچارەۋۇ نامۇرادۇ دىلرىشەم،
نادانىيۇ، ئەجزۇ ھەيرەت ئامەد كىشەم.
خۇدرا بەكۇدام خىسلەت گۇيەم دەرۋىش،
دەرۋىش نە، خاكپايى ھەر دەرۋىشەم.

تەرجىمىسى:

بىچارىمەن، نامرات، غېرىپ، دىلخەستە،
ئاجىزۇ نادان، كىبلىمەن ھەيران ـ ھەستە.
نە خىسلەت ئۇچۇن دەي ئۆزۈمنى مەن دەرۋىش،
دەرۋىش ئەمەس، دەرۋىشنىڭ خاكىپايىمەن پەستە.

رۇبائىي:

تەدبىرۇ تەسەررۇف بەگۇزار، ئەي دەرۋىش،
بەگۇزارۇ بەكارى سازگار، ئەي دەرۋىش.
زىراكى بەتەدبىرى تۇ دىگەر نەشەۋەد،
تەقدىرۇ قەزايى كىردىگار، ئەي دەرۋىش.

تەرجىمىسى:

تەتبىرۇ ئىلاج كەتتى ئۆتۇپ، ئەي زاھىد،
سەزمەستىلا ئىشلار كەتتى پۇتۇپ، ئەي زاھىد.
تەقدىرى قازانىڭ ئىشىندۇر بارچە، ئاگاھ
بولماس يەنە ئۆزگە تەتبىرنى كۇتۇپ، ئەي زاھىد.

**رۇبائىي:**

مالۇ ھۇنەرى گەرچە نەدارەم دەر دەست،
با فەقر بەسازەمكى مەرا فەقر خۇش ئەست.
ئەندىشە چەرا كۇنەم زى بىبەرگى خىش،
گەر ھىچ نەدارەم چۇتۇ دارەم ھەمە ھەست.

**تەرجىمىسى:**

ئىلكىمدە يوقتۇر گەرچە مالۇ ھۇنىرىم،
يوقسۇزلۇق كەسىپىمدۇر، پېقىرلىق پەخرىم.
يوق بولسىمۇ ھىچ نىمەم، مىنىڭ بارلىقىمدۇر سەن،
يوقسۇزلۇقۇمغا شۇڭا يوق پەرۋايىمۇ پىكرىم.

**رۇبائىي:**

چۇن مادەرى تۇ ھامىلەگى يارى تۇبۇد،
بىمىننەتى تۇ خۇدا نىگەھدارى تۇ بۇد.
ئان دەمكى قەلەم نەۋشىت ئاسارى تۇرا،
ئان دەم نە تۇ بۇدىيۇ نە ئاسارى تۇبۇد.

**تەرجىمىسى:**

يارىڭغا سىنىڭ ھامىلىدار بولدى ئانا،
مىننەتسىز ئاڭا بولدى خۇدا پۇشتىۇ پانا.
سەن يوق، سىنىڭدىن ئەسەر ھەم يوق چاغدا،
تەقدىر قەلىمى يېزىپ قىلدى ئەسىرىڭنى بىنا.

**رۇبائىي:**

بىكۇشىشى بەندە ئەقلۇ جان مىبەخشى،
سەمئۇ بەسەرۇ نۇتقى رەۋان مىبەخشى.
كەي تالىبىنى رەھمەت تۇ گەردەد مەھرۇم،
چۇن بىتەلەب ئانچە بايەد ئان مىبەخشى.

**تەرجىمىسى:**

. ئادەمگە تەلەپسىزلا ئەقىل ھەم جان بەخش ئەتتى،
كۆزنىيۇ قۇلاقنى ھەم نۇتقى راۋان بەخش ئەتتى.
قانداقمۇ لەيكارنى رەھمەتتىن ئېتەر مەھرۇم،
كېرەكلىكنى تەلەبسىزلا بىزگە ئاسان بەخش ئەتتى.]

ھەزرىتى مەۋلىۋى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — پەرزەنتلىرىگە ۋە مۇرىدلىرىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدە بۇ رۇبائىينى كەلتۇرگەنىكەن.

**رۇبائىي:**

پىشى تەلەبى زى ھىچ كەس پىش مەباش،
چۇن مەرھەمۇ مۇم باشۇ چۇن نىش مەباش.
خاھىكى زى ھىچ كەس بەتۇ بەد نەرەسەد،
بەد گۇيىيۇ بەد ئامۇزۇ بەد ئەندىش مەباش.

**تەرجىمىسى:**

گەر ئىلگىرىلىك ئىستەر ئىسەڭ پىش ئولمە،
بول مەرھەمۇ مۇمدەككى، چۇن نىش ئولمە.
دېسەڭ كىشىدىن زەررە يامانلىق كۆرمەي،
بەدگويىۇ بەد ئامۇزۇ بەد ئەندىش ئولمە.

يەنە تەرىقەت يولىغا كىرگۈچىلەر چېچىلاڭغۇ كۆڭۈللىرىنى يىغىشقا ھەمىشە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك. ھەزرىتى خوجىلار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدە «كۆڭۈلنى يىغىش» دېگەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەندە ھەمىشە

پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىم؛ «چېچىلاڭغۇلۇق قىلماسلىق» دېگىنى پاك تەڭرىتائالانى ياد ئېتىشتىن غاپىل بولماسلىق دېگەنلىكتۇر. ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن ئىكەن.

رۇبائىي:

بەيەك لەھزە ئەزۇ دەۋرى نىشايەد،
كى ئەز دەۋرى خەرابىھا فەزايەد.
بەھەر جايىكى باشى پىشى ئۇ باش،
كى ئەز نەزدىكى بۇدەن مىھر زايەد.

[تەرجىمىسى:

قىلىپ بەزمە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر دەم،
چۇۋۇلغان بەزمەلەرنى ئەيلىگىن جەم.
قەيەردە بولساڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا بول،
تۇرۇپ ئالدىدا، ئۇنى ئەيلە خۇررەم.]

بەندە يەنە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە جىمجىتلىق ۋە سۇكۇت قىلىشنى ئادەت قىلىشى لازىم، چۈنكى سۇكۇت قىلىش كۆڭۈلنى، زېھىننى يىغىشقا كۆپ پايدىلىق. تولا سۆزلەشتىن كۆڭۈل بۆلۈنۈشكە ۋە چېچىلاڭغۇلۇققا يۈزلىنىدۇ. شەرەپلىك نەپەسنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، كۆپ سۆزلىمەسلىك كېرەك، يەنى چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس تەڭرى يادى بىلەن چىقىشى لازىم، بۇنى «ھۇزۇرى مەئەللاھ» (تەڭرىدىن ھۇزۇرلىنىد ـ ـش) دەپ ئاتايدۇ.

[ ئۇلۇغلار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

مەسنەۋى:

تۇرا يەك پەند بەس دەر ھەردو ئالەم،
كى ئەز جان بەر نىسارى بىخۇدا دەم.

ئەگەر تۇ پاس دارى پاس ئەنفاس،
بەسۇلتانى رەسانەندەت ئەزىن پاس.

تەرجىمىسى:

ساڭا ئىككى جاھاندا بىرلا پەند بەس،
كى جان بەرگەن خۇداسىز ئالما نەپەس.

نەپەسنى كەلسە قولدىن ئاسرا ھەر دەم،
خاقاننى قوغدىغاندە قوغدا ھەر دەم.

ئەي تەڭرىم، چىن ۋە ھەقىقىي قەدەم بىلەن تەرىقەت يولىغا كىرىپ، تەلەپ ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەقسەتلەرنىڭ مەنزىلىگە ئۇلاشقان ۋە گۇمراھلارنى نىجاتلىق تەرەپكە باشلىغان زاتلارنىڭ ھۆرمىتىدىن؛ ئۇمىد كېمىسىنى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تەپرىقىچىلىق گىردابىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا تارتقان، خارۇ زارلىق ۋادىسىنىڭ تەشنالىرىغا ھاياتلىق بۇلىقىنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ھۆرمىتىدىن بىز ئازغۇنلارنى نىجاتلىق يولىغا باشلىغايسەن، مەھرۇملۇق، يىراقلىق ۋە ئۇمىدسىزلىك ۋادىسىدا چاڭقىغان بىز تەشنالارغا ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىنىڭ دەرياسىدىن ۋە مەغپىرىتىنىڭ بۇلىقىدىن تامچە ئاتا قىلغايسەن.] «توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ»①، «ئۆزىنى نەفسىنىڭ خاھىشىغا

① «قۇرئان كەرىم»، 20 ـ سۈرە تاھا، 47 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

بېرىلىشتىن (يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ»[1].

ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن ئىكەن. غەزەل:

سەبۇك دەستى كۇن، ئەي ساقى، بىدەھ تەللى گىران مارا،
بەخۇد دەرماندە ئىم ئەز ما زەمانى ۋارەھان مارا.
چۇنان دەر ئىشقى تۇ مەستىمۇ دەر ھۇسنى تۇ مۇستەغرەق،
كى نې پەرۋايى جان ماندەستۇ نە فىكرى جەھان مارا.
جەمالى ئۇ نەما تا نىست كەردىم ئەز ۋۇجۇدى خۇد،
كى ھەست ئىن نىسبەتى تۇخمى بەقايى جاۋىدان مارا.
نە دەر كەۋنەست مەنزىل ئىشق دانە دەر مەكان جامى،
رەھى بىنما بەرۇن ئەز ئەرسەئى كەۋنۇ مەكان مارا.

تەرجىمىسى:

سەبۇك دەست ئولغىل، ئەي ساقى، كەتۇر تەللى گىران بىزگە،
كى ئول مەي نەشئەسىدىن قويمە ئۆزلۈك بىر زەمان بىزگە.
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئانداغ مەستمەن، ھۇسنۇڭدا مۇستەغرەق،
كى قالماپدۇر نە جان پەرۋاسى نە فىكرى جەھان بىزگە.
نەماياندۇر جەمالى بىزگە گەر نەفى ۋۇجۇد ئەتسەڭ،
كى بۇ قۇللۇق ئېرۇر تۇخمى بەقايى جاۋىدان بىزگە.
[جاھاندا ئىشققا بار قايدا ماكانۇ مەنزىل، ئەي جامى،
جاھانۇ ھەم ماكاندىن تاشقىرى كۆرسەت ماكان بىزگە.

ھەزرىتى خاجە ئىلتىپات قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن:

دەر زىكر ئەگەرچە ھەبسى نەفەس مىكۇنەند قەۋم،
ما ئىن نەكەردەئىم ۋەلې سەبق بەردەئىم.
زىكرى مەنەست رويى تۇ دىدەن ئەلەد ـ دەۋام.
ما ھەبسى نەفەس خىش بەئىن زىكر كەردەئىم.

تەرجىمىسى:

يادىڭدا نەپەس ئېلىشىم قىيىندۇر چوقۇم،
لېكىن بۇ ياد ئېتىشنى قىلىمەن ئۇدۇم.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 79 ـ سۈرە نازىئات، 40 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى ۋە 41 ـ ئايەت.

*ئەسلىسەملا چېھرىلىڭ نامايان بولىدۇ دائىم،*
*سىقىلغان نەپەسلىرىمدىمۇ زىكرىڭنى قىلغۇم.]*

## ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ بەدەخشانغا[1] بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ زىكرى

بىلمەك كېرەككى، باھار ۋاقتىدا خاجەئى[2] نۇرەن بەدەخشان [يولى بىلەن ھىندىستان]غا قاراپ يولغا چىقتى. خان ۋىدالىشىش ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز كۈن يول يۈرۈپ، شەھناز[3] دېگەن جايغىچە باردى. ئەمما، پىقىر ئاقسۇدا ئىدىم، [بۇ بەختتىن مەھرۇم قالدىم.]

پىقىر ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا، خان بۇ ئەھۋالنى نەقىل قىلىپ ئېيتىپ بەردى:

ــ ھەزرىتى خاجە بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇنىڭدىن پاتىھە (دۇئا) ئىلتىماس قىلدىم، مۇبارەك قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەندە، ئەرز قىلىپ: «ئەگەر ئىلتىپات قىلسىلا، ئاۋۋال مىرزا ھەيدەر ھەققىدە پاتىھە ئوقۇسىلا، ئاندىن كېيىن مېنىڭ ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇسىلا» دېدىم. [ئۇ زات] بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىككى نۆۋەت پاتىھە ئوقۇدى. [ئاۋۋال سەن ھەققىدە پاتىھە ئوقۇدى، ئاندىن مەن ھەققىدە پاتىھە ئوقۇدى]. نەزم:

*يار كۆزدىن كەتتى، ئەمما قالدى دىلدا خارخار،*
*قالدى يۈزمىڭ داغۇ ھەسرەتلەر يۈرەكدە يادگار.*
*گەرچە كەتكەن ئۆمردىن كەلمەكنى كۆز تۇتماس كىشى،*
*ئۆمرلەر قالدى كۆزۈم ئانىڭ يولىدىن ئىنتىزار.*

ئاشۇ ۋاقىتتا بىللە بولغانلار شۇنداق رىۋايەت قىلىپ بەردىكى، خان نەچچە مەنزىلگىچە ھەزرىتى خاجەگە ھەمراھ بولۇپ باردى. خاننىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى. خاجە سۆز قىلغان ۋاقىتدا خانغا شۇنداق يىغا ئۇلىشاتتىكى، ئىختىيارسىز ھالدا باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. بۇ يىغا خانغا ھال (ئىچكى) تىللىرى بىلەن: «بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)»[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى [بۇنىڭدىن كېيىن يەنە دىدارلىشىش قىيامەت كۈنىگە باقى قالغان ئىدى. بەيت:

*يار قەسدى قەتلى مەن دارەد بەتىغى ئىنقىتاگ،*
*ھەر كەس ئەز شامى ئەجەل تەرسەد مەن ئەز روزى ۋىداگ.*

---

① بۇ سۆز پارىچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «ھىندىستانغا» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز پارىچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئىشان» (ئۇ) دېيىلگەن. پارىچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «مەخدۇمى نۇرەن» دېيىلگەن.

③ بۇ ئىسىم پارىچە بىرىنچى نۇسخىدا «شەھباز» دېيىلگەن.

④ «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 78 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

تەرجىمىسى:

*قەستلىدى يار گۈلتۇرۇشكە ئايرىلىش تىغى بىلەن،*
*يەتتى باشىمغا ئەجەل شامى، پىراق كۈنى بىلەن.]*

چۈنكى بۇ خانغا ئاخىرقى قېتىملىق دىدارلىشىش ئىدى، بۇ يەنە ئۇچرىشىشقا زادىلا ئىشەنچ بولمىغان، ئىلاجىسىز ئايرىلىش ئىدى. ئۇنىڭ غەم - غۇسسىدىن خانغا ئاشۇنداق ئەھۋال يۈزلەنگەندى.

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى خاجە ھىندىستانغا كەلدى. ھىندىستاننىڭ باشلىنىشى كابۇل ۋە لاھور بولۇپ، كامران مىرزىغا تەۋە ئىدى. كامران مىرزا ھەزرىتى خاجەنى لاھوردا تۇرۇشقا تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنچە ئىلتىماس قىلدى. ئەمما، ھەزرىتى خاجە:

— [مەن بالدۇرلا بابىر] پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى نىيەت قىلغانىدىم، [ئەمدى بابىر] پادىشاھ [ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۇمايۇن پادىشاھقا كۆڭۈل ئېيتىشىم ۋە ئۇنىڭ] ھۇزۇرىدا بابىر پادىشاھقا تەزىيە بىلدۈرۈشۈم لازىم، ئاندىن كېيىن [قايتىپ كېلىپ] بۇ ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، — دەپ، ھىندىستاننىڭ پايتەختى ئەگرە ۋىلايىتىگە باردى. ھۇمايۇن پادىشاھمۇ ھەزرىتى خاجەنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرىنى تەۋەررۈك بىلىپ، ئىنتايىن ئىززەت ۋە ئىكراملار بىلەن ئالدىغا چىقتى.

شۇ چاغلاردا شەيخ پۇل[1] ئاتلىق بىر ھىندىستانلىق پەيدا بولغان ئىكەن. ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ غارايىبات ئىلمىگە كۆپ مايىللىقى بار ئىكەن، دۇئا - تىلەكلەر ۋە سېھىر - تەسخىر ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىدىكەن. شۇڭا، شەيخ پۇل شەيخلىق لىباسىنى كىيىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە:

— دۇئالار ۋە سېھىر ئىشلىرى ھەقىقىي مەقسەتلەرگە يېتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر، ھەتتا ھەقىقىي مەقسەتنىڭ ئۆزىدۇر، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى. پادىشاھنىڭ مىجەزىگە ئۇنىڭ سۆزى ماس كەلگەنلىكتىن، [ھۇمايۇن پادىشاھ] دەرھال شەيخ پۇلغا مۇرىد بولدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى موللا كىشى ئىدى. لېكىن ئۆز نەپسى - مەنپەئىتى ئۈچۈن باتىل ئىش بولسىمۇ قەدەم قويىدىغان، دىيانەتسىز، پەسكەش ئادەم ئىدى. شۇڭا، شەيخ پۇل مەۋلانا مۇھەممەدكە پېشكەشلەرنى قىلىپ ئىلتىماسلار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مەۋلانا مۇھەممەدمۇ پادىشاھنى دۇئالار ۋە سېھىر ئىشلىرىغا تەرغىپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خۇشامىتى پادىشاھقا خۇشياقتى - دە، پادىشاھتا شەيخ پۇلغا نىسبەتەن تولۇق ئېتىقاد پەيدا بولدى. بۇ ۋەقەلەر بولۇپ نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پېقىر پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىگە باردىم. بۇ ۋەقە كېيىن پات يېقىندا زىكر قىلىنىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ پىرى

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «شەيخ پۇھۇل» دېيىلگەن.

شەيخ پۇل ھەققىدە شۇنچە كۆپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، پېقىر ئۇنىڭدىن دۇئاخانلىق ۋە سىھىرگەرلىكتىن ئۆزگە بىرەر نەرسىنى ھېس قىلمىدىم. بۇنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ.

[ھۇمايۇن] پادىشاھنىڭ شەيخ پۇلغا مۇرىد بولغانلىقى ئوچۇق مەلۇم بولدى. مەۋلانا مۇھەممەد ھەتتا پادىشاھ باشلىق ھەممە تاۋابىئاتلار ھەزرىتى خوجىنىڭ مۇلازىمەتلىرىگە بېرىشقا سۇسلۇق قىلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، پادىشاھ باشلىق ھەممىلىرىنىڭ ھەزرىتى خاجەگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇرىدلىق ئالاقىلىرى بار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەزرىتى خاجىنىڭ نۇرلۇق كۆڭۈللىرى باشقىچە بولۇشقا [نەپرەتلىنىشكە] باشلىدى. لاھوردىن ئۆتۈش ۋاقتىدا كامران مىرزىغا: «قايتقاندا لاھورغا كېلىپ تۇرغايمىز» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. شۇ ۋەدىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەگرەدىن كاتتا ئاۋات شەھەر لاھورغا قاراپ يولغا چىقتى. ھۇمايۇن پادىشاھ ۋە ھەممە ۋەزىر- ئەمىرلىرى كۆپ يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەزرىتى خاجە قوبۇل قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ لاھورغا كەلدى. بۇ تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق ئۈچ[1] بولغان چاغ ئىدى، پېقىر ھەزرىتى خاجە كېلىشتىن ئىلگىرىرەك لاھورغا كەلگەنىدىم، شۇڭا ھەزرىتى خاجىنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. شۇ كۈنلەردە ھەزرىتى خاجەنىڭ گۆھەر چاچقۇچى مۇبارەك تىللىرىدىن كۆپ قېتىم: «چۈشۈمدە كۆردۈمكى، بىر ئۇلۇغ دەريا پەيدا بولۇپ، بىزدىن كېيىن ئەگرەدە ۋە ھىندىستاندا قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. بىز مىڭ تەشۋىشلەر بىلەن ئاران قۇتۇلدۇق» دېگەنلىكىنى تەكرار ئاڭلىغانىدىم. ھەزرىتى خاجەنىڭ بۇ چۈش كۆرگەن ۋەقەلىرىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەنىدى، خاجە نېمە دېگەن بولسا، شۇ بولدى بۇ ئىشلار كېيىن زىكىر قىلىنىدۇ.

ھىندىستان ۋەيران بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجە سالامەت ھالدا قەشقەر يولى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يۈردى. [مۇھەممەد] پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىدىن، پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى ئۇ زاتنىڭ ئىلتىپات سايىسىنى كۆپ يىللارغىچە ھېسابسىز مۇرىد، مۇخلىسلار ۋە ئېتىقادمەنلەرنىڭ باشلىرىغا سالغاي.

## ھەزرىتى خاجە — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرىنىڭ بايانى

بىر كۈنى پېقىر [ھەزرىتى خاجە]نىڭ شەرەپلىك مەجلىسلىرىدە بار ئىدىم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەۋلانا مۇھەممەد پەرغەرى ئەگرەدىن، يەنى ھۇمايۇن پادىشاھ ھوزۇرىدىن لاھورغا ئەلچىلىككە كەلگەنىدى. ئۇمۇ بۇ مەجلىستە بار ئىدى. ھەزرىتى خاجە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان چۈشلىرىنى بايان قىلدى. مەۋلانا مۇھەممەد نالە- زارلار قىلىپ، ئۆزۈر ۋە كەچۈرۈم سورىدى ھەم ھۇمايۇن پادىشاھقا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلدى. ھەزرىتى خاجە بۇ بېيىتنى ئەۋەتتى. **بەيت:**

---

① ھىجرىيە 943 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1536 - 1537 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

*ھۇماي، سالماغايسەن سايەڭى شەرەف ھەرگىز،*

*گۇشۇل دىيارىداكىم، تۇتىمى زەغەندىن كەم.*

بۇ بېيىتنى ئەۋەتكەنلىكىمدە كارامەت ۋە ئاجايىپ لەتىپە بار. چۇنكى، ھۇمايۇن پادىشاھ ئۇ دىيارغا قۇزغۇندىن تۆۋەن ھالەتتىكى تۇتىچىلىك سايە سالالماي سەرگەردان بولۇپ كەتتى.

يەنە بىرى، [قەشقەر] پېگەمسارغا كەلگەندە رەجەب ئېيى بولۇپ، پېقىر روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغانىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇلازىمىتىگە باردىم ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇردۇم. بىر يەردىن تائام كەلتۈردى. پېقىر سەزدۇرمەستىن شۇ ھامان روزىنى ئۇشاتتىم. كۆڭلۈمدە: «ئەتە قازاسىنى تۇتارمەن» دەپ نىيەت قىلدىم. ئەتىسى روزا نىيەت قىلىپ، يەنە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىگە باردىم. بۇ كۈنىمۇ تائام پەيدا بولدى. يەنە روزامنى ئۇشاتتىم. ئەتىسى قازاسىنى نىيەت قىلدىم ــ دە، يەنە ھەزرىتى خاجەنىڭ سۆھبەتلىرىگە باردىم. ئوخشاشلا بۇ كۈنىمۇ تائام ھازىرلاندى. لېكىن، ھەزرىتى خاجە مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى ئايرىپ قويدى ۋە:

— بۇنى پالانغا ئېلىپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ روزىسىنى زايا قىلىۋەرمەيلى، — دېدى. ھالبۇكى، روزا نىيەت قىلغانلىقىمدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

يەنە بىرى شۇكى، لاھوردىكى كۈنلىرىمدە، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى شاھ تۇھماس① ئىراقتىن كېلىپ، كامران مىرزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىدىن قەندىھارنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇرۇپ قايتتى. بۇ ۋەقەدىن كامران مىرزىغا ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىق يۈزلەندى ۋە پېقىرغا:

— قەندىھار تۇپەيلىدىن ناھايىتى كۆپ ئەندىشىدىمەن، — دېدى. بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى خاجەگە مەلۇم قىلدىم. يەنە بىر كۈنى ھەزرىتى خاجەنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانىدىم، ئۇ:

— ھەزرىتى ئىشاننى چۈشۈمدە كۆردۈم، ھەزرىتى ئىشان مەندىن: «نېمە سەۋەبتىن غەمكىن ۋە مالالدۇرسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «كامران مىرزا ئۈچۈن غەم قىلىۋاتىمەن. چۈنكى قەندىھارنى تۈركمەنلەر بېسىۋاپتۇ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئېنىق ئەمەس» دەپ مەلۇم قىلدىم. ھەزرىتى ئىشان ماڭا يېقىن كېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ھېچ غەم يېمىگىن، بۇ ئىش ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ بولىدۇ» — دېدى.

ھەزرىتى خاجە پېقىرغا بۇ بېشارەتنى بەردى. ھەقىقەتەن ئىشنىڭ ئاخىرى ھەزرىتى خاجەنىڭ دېگىنىدەك بولدى. كامران مىرزا قەندىھار ئۈستىگە باردى. شاھ تۇھماسنىڭ قەندىھاردا قويغان كىشىسى سۇلھى بىلەن قەندىھارنى كامران مىرزىغا قايتۇرۇپ بېرىپ كەتتى. تۈركمەنلەردىن بۇنداق ئىشنىڭ سادىر بولۇشى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەھۋالدۇر. ھەزرىتى خاجەنىڭ سەۋەبكارلىقى ۋە مەددىتى بىلەن مۇشۇنچە مۇشكۈل ئىش ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ

① بۇ ئىسىم پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «تۇھماسپ» دېيىلگەن.

بولدى.

يەنە بىرى شۇكى، پادشاھنىڭ سىڭلىسى خانزادە بېگىم كابولدا ئىدى، كېسەلگە دۇچار بولۇپ، بىر مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ ۋە ھاۋالە قىلىپ: «مىرزا بۇ مەكتۇپنى ھەزرىتى خاجەگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلسۇنكى، ھەزرىتى خاجە مېنىڭ ئاغرىقىمنى ساقايتىشقا سەۋەب قىلسۇن» دەپ تەكىتلەپتۇ. بىراق ئۇ مەكتۇپقا قارىسام، ھەزرىتى خاجەنىڭ شان - شەۋكەتلىرىگە مۇناسىپ پۈتۈلمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ مەكتۇپنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى سۆزلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ ئالاھىدە بىر مەكتۇپ پۈتۈپ، ھەزرىتى خاجەنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزدۈم. ھەزرىتى خاجە ماڭا:

— سىز بىلەن سىردىشىشنى خالايمەن، — دېدى. پېقىر ئورنۇمدىن قوپۇپ تەزىم قىلدىم. ئاندىن:

— خانزادە بېگىم ئۆزى پۈتۈپ ئەۋەتكەن خەتنى ماڭا بەرگەيسىز، — دېدى. ھالبۇكى ئۇ خەتنىڭ كەلگەنلىكى ۋە مېنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىپ بۇ مەكتۇپنى پۈتكەنلىكىمدىن ھېچبىر ئىنساننىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

ھەزرىتى خاجەدىن پېقىر كۆرگەن كارامەتلەر ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى مۇشۇ ئۈچ - تۆت نەقىل بىلەن بايان قىلدىم، ھەزرىتى خاجەدىن خالايىقلار كۆرگەن ۋە نەقىل قىلغانلىرىنى زىكر قىلمىدىم.

پېقىر كەشمىرگە ماڭغان ۋاقتىمدا — بۇ ۋەقە پات يېقىندا زىكر قىلىنغۇسى — [ خاجەئى نۇرەن] بىرنەچچە قۇر خەت پۈتۈپ، پېقىرغا ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۈمىدۋارمەنكى، ئۇ مەكتۇپ پېقىرغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازادلىق خېتىم بولغۇسى. شۇڭا، شان - شەرەپ ۋە تەۋەررۇك بىلىپ، ھەزرىتى خاجەنىڭ زىكرلىرى توغرىسىدىكى بۇ خېتىم ئاشۇ مۇبارەك خەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلدى. پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىنغۇچى پەرۋەردىگارلىق ھەققى ھۆرمىتىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇ زاتنىڭ بەرىكەتلىرى سايىسىنى ۋە پاك سۇپەتلىرىنى ئۇزاق يىللارغىچە نۇرغۇن مۇخلىسلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە بەرقارار قىلغاي! ئۇ مەكتۇپ بۇدۇر:

بىسمىللاھىر رەھمانىر-رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، پېقىر ئاسىي بەندىنىڭ دەرۋىشلىك دەۋايىم يوق. چۈنكى كىشى دەرۋىش بولىدىغان بولسا، دەۋا قىلىش ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ. سۇلۇك ۋە تەرىقەتتە دەۋا بولمايدۇ. دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويغان سۇلۇك ئەھلى چوقۇم بەجا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان شەرتلەر بار. بىرى، دەرۋىش بولغۇچى كىشى خۇدايىتائالانى مەيلى تىلىدا بولسۇن ياكى دىلىدا بولسۇن داۋاملىق ياد ئېتىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئۇنىڭ خۇلقى پاك بولۇشى

لازىم. سىزلەرگە مەلۇم، بۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالنى نېمە دەيمەن؟ نېمە كۆچرىسا يەۋاتىمەن. بىزدە پاك تىل ۋە پاك خۇلق يوق. تىلىمىز خۇدايىتائالانىڭ زىكرىدىن يىراق بولغان بىمەنە سۆزلەر بىلەن مەشغۇل. يۇقىرىقى شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرمىگەن كىشىگە دەرۋىشلىك هارامدۇر. بۇنى دېيىشتىن مەقسىتىم شۇكى، پېقىر دەرۋىش ئەمەسمەن. ئەمما، ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ پەرزەتلىرى سۇلتان ۋەلەدكە ئېيتقان ۋەسىيەتلىرىدە ئېيتىلغانچىلىك سالاھىيەت بار. نەزم:

*بەيەك لەھزە گەزۇ دەۋرى نىشايەد،*
*كى گەز دەۋرى خەرابىھا فەزايەد.*
*بەھەر جايىكى باشى پىشى گۇ باش،*
*كى گەز نەزدىكى بۇدەن مىھر زايەد.*

[تەرجىمىسى:

*قىلىپ بەزمە گۈنىڭ بىلەن بىرەر دەم،*
*چۈۋۈلغان بەزمىلەرنى ئەيلىگىن جەم.*
*قەيەردە بولساڭ، گۈنىڭ ئالدىدا بول،*
*تۇرۇپ ئالدىدا، ئۇنى ئەيلە خۇررەم.]*

پېقىر بەندە دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈۋاتىمەن. مەيلى موللا ياكى دەرۋىش بولسۇن، كىمىكى دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئاللاھ يولىدىكى زاتلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت تاپقۇسىدۇر. چۈنكى، «سۆزلىگۈچىنىڭ ئەھۋالىغا ئەمەس، سۆزنىڭ قىممىتىگە قارا» دېگەن سۆز بار.

ھەزرىتى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەكىيىسىنىڭ ئاستىدىن بىرمۇنچە قول يازمىلار چىقتى، ئۇلاردىن بىرىدە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

بەزى ـ بەزىدە خۇدايى تائالانى يادىغا ئالمايدىغان ھېچقانداق ئىنسان يوق. ئۇنىڭ خۇدايى تائالانى كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىكى باشقا بىر ھەقىقەتتۇر. ھەرقانداق كىشى ئىرسىيەت جەھەتتە بۇ تۆت مەزمۇنغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قىسمەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىككىنچىسى، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقتۇر. [مەۋجۇدلۇق ئەركى كىشىنىڭ ئۆز قولىدا ئەمەس]، ئەگەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولغىنىدا ئىدى، ئۇ مەڭگۈ هايات ياشاپ قالغان بولاتتى، يوقالمىغان بولاتتى. ئۈچىنچىسى، بارلىق ئىمكانىيەتلىك (يارىتىلغان) مەۋجۇداتلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. تۆتىنچىسى، ھەر نەرسە يوقلۇقتىن بار بولغان ئىكەن، دېمەك ئۇنى بار قىلغان ياراتقۇچى بار. بۇ تۆت مەزمۇن ھەربىر يارالغۇچىغا بىر ياراتقۇچىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ ياراتقۇچى

باشقىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ زاتى بىلەن مەۋجۇتتۇر. [يەنە يارىتىلغان مەۋجۇداتلاردىكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەزگۈ، ئەقىل، ئىچكى، تاشقى دۇنيا ۋە باشقا بارلىق چەكسىز، پۈتمەس نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى شەك - شۈبھىسىز يېگانە ۋە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى ۋە ئېھسانىدۇر. بۇنى تونۇپ يەتكەن كىشىگە «ئادەم — ياخشىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن ماقال بويىچە ئاللاھقا بولغان بىر جەزبە (شەيدالىق) پەيدا بولىدۇ.] شۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر مۇلاھىزە قىلىسا، دۇچ كەلگەن ھەرقانداق نەرسە، مەيلى ئۇ پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولسۇن، «ھەممە نەرسە ئاللاھدىندۇر» دەپ ئويلاپ، بۇ مۇلاھىزىنى تەكرارلاشقا كىرىشسە، بۇ جەزبە كۈندىن كۈنگە كۆپىيىدۇ، بارغانسېرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە مۇمكىنات (يارالغۇچىلار) ئالەمگە كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئاجىزلايدۇ، ئاللاھدىن باشقىسىدىن كۆڭلى ئۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇلاھىزە قىلىنسا، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى بويىچە لەززەتلىنىشتىن خالىي ئەمەس. لەززەت مايىللىققا باغلىق بولۇپ، مايىللىق بولسا مۇكەممەل ۋە مەڭگۈلۈك بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل ۋاقىتلىق، يەنى يوقىلىدىغان نەرسىلەرگە باغلانسا، ئۇ نەرسە يوقالغاندا كۆڭۈلگە قايغۇ يۈزلىنىدۇ. بىلسۇنكى، مەڭگۈ زاۋال تاپمايدىغان ۋە ئاخىرلاشمايدىغان كامالەت ئىگىسى — ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىك ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ھەقىقىي گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا مۇجەسسەملەشكەن. بەندىدە زاھىر بولغان ھەرقانداق يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك كامالەتنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە پەزىلەتلىك ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل، كامىل ۋە تەڭداشسىز ھۆسۈن - جامالىنىڭ ۋە چەكسىز ئېھسانىنىڭ شولىسىدۇر. چۈنكى مۇمكىنات (يارالغۇچى) لار ئۆزىنىڭ مەلۇم چەك - چېگرىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھالقىسىلا يوقىلىدۇ. يوقىلىدىغان شەيئىدە كامالەت سۈپىتى بولمايدۇ. مۇمكىناتلاردا زاھىر بولغان ھەرقانداق كامالەت مۇتلەق بېسىم ھالەتتىكى كامالەت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كامالەت زاۋاللىق ۋە يوقىلىش ھالىتىدىدۇر. ھەر كىشى بۇ مەزمۇننى بىلسە، شەكسىزكى ئۇنىڭ ھەق تائالاغا جەزبىسى ۋە مايىللىقى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچەيگۈسىدۇر. چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ كۆزلەيدىغان نىشانى گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىككىلا سۈپەت ھەزرىتى تەڭرىتائالاغانىڭ سۈپىتىدۇر. پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنىڭ كامالىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ بولسا، نۇقسانلىق ئىكەنلىكى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ ۋە يوقىلىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى داۋاملىق مۇلاھىزە قىلىپ، كەلىمەئى تەييىبە «لائىلاھە ئىللەللاھ»، يەنى «بىرلا ئاللاھتىن ئىبارەت سۆيۈملۈك تەڭرىدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى مۇلاھىزە قىلىپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەزمۇننى تەكرار - تەكرار مۇلاھىزە قىلسا، كىشىنىڭ خۇدايى تائالاغا بولغان مايىللىقى ۋە تەڭرىدىن باشقىلاردىن كۆڭۈل ئۈزۈشى شۇ دەرىجىدە كۈچىيىدۇكى، پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن كۆڭلى تولۇق ئۈزۈلىدۇ. خۇدايىتائالادىن باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ. ئەگەر كىشى بۇ مەزمۇننى بىلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ھالەت يۈز بەرمىسە، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىرەرسىگە ئېتىقاد قىلمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ياكى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىنسانىي پارلاقلىقنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇركى، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىدە بۇ

ئەھۋاللاردىن تەسىرلىنىش قابىلىيىتى يوقتۇر. خۇدا ساقلىسۇنكى، بۇنداق تايپە گويا چاھارپاي قاتارىدا بولۇپ، ئۇلار «چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر. بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەردۇر.»[1] ئۇلار گەرچە بۇ ئالەمدىن ئىمان بىلەن كەتسىمۇ، لېكىن تەبىئىتىدە قابىلىيەتتىن ئەسەر بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئالەمدە ئۇز ئەخلاقىغا ماس ھالدا، ھايۋان سۈرىتىدە قوپىدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ئېيتقان ھەدىسلىرى بار. مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ھەزرىتى مەۋلىۋى جامىنىڭ سۆزلىرىدۇر.

ئەمدى باشتا ئېيتىلغان تۆت مەزمۇندىن بايان قىلايلى. ھەزرىتى مەۋلىۋى جامى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، «بەزىدە خۇدايى تائالانى يادىغا ئالمايدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق. خۇدايى تائالانى يادىغا ئالماق باشقا بىر ھەقىقەتتۇر.» چۈنكى زىكىر قىلىشتىن مۇراد خۇدايى تائالانى ئەسكە ئېلىشتۇر. ئەمما، بۇنىڭ بىلەنلا يېتەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلا ئەمەس كاپىرمۇ خۇدايى تائالانى يادىغا كەلتۈرىدۇ. بىراق، بۇنداق يادىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا كىشى دەرۋىش بولالمايدۇ. ئەگەر خۇدايى تائالانى ئەسكە ئېلىش بىلەنلا دەرۋىش بولىدىغان بولسا، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەرۋىش بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىش ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى دەرۋىشلىك يولىغا كىرگەن كىشى ئالدى بىلەن چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىشى، ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى پاكلاپ، تەرىقەت شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشى ۋە بىر پىرى كامىلغا مۇرىد بولۇپ قول بېرىشى لازىم. تەرىقەتنىڭ مەشھۇر سۇلۇكلىرى ئىچىدە تەلەپكارلار ئارىسىدا ئۈچ يول بار. بۇ ئۈچ يولنىڭ بىرى، زەكات (پاكلىق) يولى، بۇ يولدا ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ سۆزلىرى بويىچە ھەممە زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كەلىمەئى تەييىبەدۇر. ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بۇ ھەقتە: «زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېگەن كەلىمىدۇر» دېگەن. يەنە بىرى، قۇربەت (يېقىنلىق) يولىدۇر. بۇ يولغا كىرگەنلەر تەڭداشسىز تەڭرىنى ئوخشىشى ۋە مىسلى يوق دەپ بىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل مەخلۇقلارنىڭ ئەھۋالىدىن تاشقىرى دەپ تونۇغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا يۈزلىنىشى كېرەك. تەڭرىگە شۇنداق يۈزلىنىش كېرەككى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىدىن ئىبارەت پاك زاتتىن ئۆزگىسىنى ئەسكە كەلتۈرمەسلىك لازىم. ئەمما، بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىشتۇر. بۇنداق بەخت مۇيەسسەر بولغان سائادەتمەن بەندە مۇراقىب (ئاللاھنىڭ يېقىن كىشىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، رابىتە (ئالاقە، ۋاستە) يولىدۇر. بۇ يولدىكىلەرنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ، ئۇ كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا تەڭرى تائالا ئەسكە چۈشىدۇ. بۇ ئاشۇ كىشىنىڭ تەڭرى تائالاغا دائىم يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇبارەك پېشانىسىدىكى ئالامىتىدۇر. ئۇ كىشى تەڭرىنىڭ جاھانىنەما ئەينىكى بولغاندەك، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش بىلەنلا تەڭرى تائالا يادىمىزغا چۈشىدۇ. «مۇراقىبە» (يېقىنلىق) دېگەن سۆز ۋەزىن جەھەتتە «مەفائىلە» دېگەن تۈردىكى سۆز بولۇپ، بۇ تۈردىكى سۆزلەر مەنە جەھەتتە ئىككى تەرەپلىمىلىكنى تەقەززا

① «قۇرئان كەرىم»، 25 - سۈرە فۇرقان، 44 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

قىلىدۇ. يەنى، بەندە تەڭرىگە مۇراقىب (يېقىن) بولسا، تەڭرىمۇ بەندىگە يېقىن بولغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ پىرى ـ يېتەكچىسى يوق. ئۇلارنى «ئۇۋەيسى» دەپ ئاتايدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ـــ تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ـــ ئۇۋەيس قەرەنىي ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ـــ نى غايىۋانە ھالدا ئۆزىنىڭ ئىلتىپات ئالقىنىدا ۋە مەرھەمەت سايىسىدە تۇتۇپ پەرۋىش قىلغان. ئۇۋەيس قەرەنىي ئانھەزرەتنىڭ ھاياتلىق ۋاقىتلىرىدا بار ئىدى، ئەمما، ئانھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈش، ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانھەزرەت ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ـــ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ـــ گە ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سىلەر بېرىپ، ئۇۋەيس قەرەن بىلەن كۆرۈشۈڭلار، خۇدايى تائالا قىيامەت كۈنى كۆپ خەلقنى ئۇۋەيس قەرەنىنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇۋەيس قەرەندىن كېيىن، ھەرقانداق كىشى بىرەر شەيخنىڭ روھىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يەتسە، ئۇنى «ئۇۋەيسىي» دەپ ئاتايدىغان بولدى. شۇ جۈملىدىن بايەزىد بىستامى ـــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ـــ نىڭ كۆرۈنۈشتە پىرى ياكى مۇرشىدى يوق ئىدى، ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي.ـــ نىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت تاپقانىدى، لېكىن ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ـــ نى كۆرمىگەنىدى. يەنە شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانى ھەزرىتى بايەزىد بىستامىنىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت تاپقانىدى. بۇ خىل مەرتىۋە قايسى سائادەتمەن كىشىگە نېسىپ بولسا، ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يەتكەن بولىدۇ.

شۇنداق دېيىلىدۇكى، يۈكسەك ۋە پاك تەڭرى دەرگاھىدىن ئىلتىپات قىلىنىدىغان مۇراقىبە (يېقىنلىق) ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، خەلقنى يوقلۇق كۆزىدىن ۋە فانىيلىق ھۇجۇمىدىن (يوقىلىشتىن) مۇھاپىزەت قىلىش. «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»① دېگەن كەرەملىك ئايەت بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئىككىنچىسى شۇكى، بەندىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلاردا كۆزىتىپ تۇرۇش. بۇلار ئەمىر ۋە نەھىي (بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان) ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئەمما، بەندە تەرەپتىن تەڭرىگە بولغان مۇراقىبە (يېقىنلىق) ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنىڭ ھەممە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاش. بۇ مۇراقىبە (يېقىنلىق) نىڭ مېۋىسى، ھاياتلىقنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇنى تەسەۋۋۇپتا ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئىستىمالىدا «مۇراقىبەتۇل ـ مۇراقىبە» (يېقىنلىقنىڭ يېقىنلىقى) دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچىسى قۇۋايى زاھىرى (تاشقى ئىقتىدار) ۋە ئەقلىنى مەخلۇقاتلارغا سەرپ قىلىشتىن مۇھاپىزەت قىلىش. ئۈچىنچىسى، كۆڭلىنى پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىدىن باشقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بولۇپ، بۇ كۆڭۈلگە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ پىكرى مۇتلەق يول تاپالمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

بۇ يەردىكى مۇراقىبە (يېقىنلىق) دىن مەقسەت شۇكى، تەرىقەت ئەھلى ئۇنىڭ ئىش ـ

---

① «قۇرئان كەرىم»، 33 ـ سۈرە ئەھزاب، 52 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

ئەمەللىرىگە مەشغۇل بولۇپ، ئاشۇ مەرتىۋىنى ھاسىل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلەر «كەلىمەئى تەييىبە» نى جەھرە (يۇقىرى ئاۋاز) بىلەن ياكى خۇفىيە (مەخپىي، يوشۇرۇن) ھالدا تەكرار ئوقۇيدۇ. بەزىلەر «كەلىمەئى تەييىبە» نى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — بۇ ھەقتە: «مەن ئالدىنقى كەلىمە (جۈملە) نى ھەرگىز ئىككىنچى كەلىمىدىن ئايرىپ ئېيتمىدىم» دېگەن ئىكەن. شۇڭا، بىزنىڭ خوجىلىرىمىز بۇ كەلىمىنى تولۇق ئېيتىشنى ئىختىيار قىلغان. تەرىقەت ئەھلى يۇقىرىدا بايان قىلغان مەزمۇنلارغا ئەمەل قىلمىسا بولمايدۇ. تەرىقەت ئەھلىنىڭ نەزىرىدە بايان قىلماقتىن ئەمەل قىلماق ئەلادۇر. شۇنداق بىر تەمسىل باركى، شېكەرنىڭ ئىسمىنى ھەرقانچە ئاتىغان بىلەن تاكى شېكەرنى يېمىگۈچە ئېغىز تاتلىق بولمايدۇ.

يەنە بىلمەك كېرەككى، خۇدايى تائالا بەندىلىرىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپتۇ. بەزىلەرنى پېقىرلىق يولىدا پەرۋىش قىلىپتۇ، يەنە بەزىلەرنى باياشادلىق لىباسلىرى ئىچىدە پەرۋىش قىلىپتۇ. بۇ ئىككى خىل يولنىڭ ھەر بىرىگە ھەدىسلەردىن دەلىل - ئىسپاتلار كۆپ. بۇ سۆز ئەسناسىدا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناجاتلىرى ھەققىدىكى قىسسە ئېسىمگە چۈشتى:

شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇناجات قىلىپ: «ئەي پەرۋەردىگار، دوستلىرىڭدىن بىرەرسىنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېگەنىدى، «ئەي مۇسا، پالان يەردىكى ۋەيرانىگە بارساڭ دوستلىرىمدىن بىرىنى كۆرىسەن» دېگەن خىتاب كەلدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋەيرانىگە بېرىپ قارىسا، بىر پېقىر مىسكىن ۋە خاراب ھالەتتە يېتىپتۇ؛ يەنە: «ئەي تەڭرىم، دوستلىرىڭدىن يەنە بىرىنى كۆرسەتكىن» دەپ مۇناجات قىلغانىدى، «پالان دەرگاھقا بارغىن!» دەپ نىدا كەلدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ دەرگاھقا بارسا، تاشقىرىدا ياساۋۇللار تۇرۇپتۇ. كەلگەن - بارغانلارنى پادىشاھلارچە رەسىم - قائىدە بويىچە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ھەزرىتى تەڭرى تائالادىن: «ئەي مۇسا، مېنىڭ دوستلىرىمدىن بىرى مانا مۇشۇ» دېگەن خىتاب كەلدى. ھەزرىتى مۇسا — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملارنى ئەۋەتكەي — يەنە مۇناجات قىلىپ: «ئەي پەرۋەردىگارىم، بىر دوستۇڭنى شۇنچە پېقىر ۋە ئاجىز، يەنە بىر دوستۇڭنى شۇنچە يۇقىرى مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلىك قىلىپسەن، بۇ ھېكمىتىڭدىن ئەجەبلىنىپ قالدىم.» دېگەنىدى، يەنە: «ئۇ دوستۇم سالاھىيىتى ۋە ياخشىلىقى پېقىرلىقتا ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى پېقىر قىلدىم. ئەگەر ئۇنى باياشات قىلغان بولسام ئۇنىڭ دىلىغا بۇزۇقلۇق، يامانلىق يۈزلەنگەن بولاتتى. بەندىلىرىمنىڭ ھالىنى مەن ئەڭ ياخشى بىلىمەن» دەپ خىتاب كەلدى.

مەجبۇرىي پېقىرلىق ئىختىيارى پېقىرلىقتىن ئەۋزەلدۇر. مەجبۇرىي پېقىرلىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇدايى تائالا بەندىگە پېقىرلىقنى لايىق كۆرگەنلىكتىن ئۇنى پېقىرلىق يولىغا سېلىپتۇ.

بەندە ھەر ھالدا شۇنى بىلسۇنكى، دۇنيا ئەسۋابلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىك ئۈچۈن لازىمدۇر. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ زىيىنى يوق. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلىۋى رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن. نەزم:

*چىست دۇنيا ئەز خۇدا غافىل شۇدەن،*
*نې قۇماشۇ نوقرەۋۇ فەززەندۇ زەن.*

تەرجىمىسى:

*ھەرنە غافىل قىلۇر ھەقدىن، ئۇشۇل دۇنيا ئېرۇر،*
*نە زەنۇ فەرزەندۇ سىمۇ نۇقرەۋۇ كالا ئېرۇر.*

ئەگەر دەرۋىشكە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مال - مۇلكىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ مال - مۇلۇكنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيىنى يوق. شۇ جۈملىدىن ھەزرىتى شەيخ مەجدىددىن بەغدادى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سەپەرلىرى ئۈچۈنلا ھەر يىلى ئىككى يۈز [مىڭ] تىللا خىراجەت قىلىناتتى، ئۇ: «كۆڭۈلنى خۇدايى تائالادىن باشقىغا تەۋە بولۇشتىن مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئاخىرقى نىجاتلىق، مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئەبەدىيلىك مەرتىۋە شۇنىڭدىن ھاسىل بولغۇسىدۇر» دېگەن. «توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ»[1]، «پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان ئۆزىنى نەپسىنىڭ خاھىشىغا بېرىلىشتىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ»[2].

## ھەزرىتى مەخدۇمى خاجەئى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ زىكىرلىرىنىڭ تۈگەللىسى ۋە بۇ ئېغىر ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ ئۆزرىسى

گەرچە ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ زىكىرلىرىگە تىل سوزۇش — بۇ پېقىرنىڭ ھەددىم بولمىسىمۇ، لېكىن سۆزنىڭ مۆرىتى ۋە تەرتىپى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنىنىڭ زىكىرلىرىنى قىلىش زۆرۈر ۋە لازىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئېچىدىكى تەرىقەت بايانلىرى ۋە سۈلۈك ئەدەبلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئۇ زاتنىڭ سىلسىلە كىتابلىرىدىن نەقىل قىلىندى. پېقىرنىڭ ئۇ سۆزلەرنى توپلىغاندىن باشقا مۇناسىۋىتىم يوق.

ھەزرىتى خاجەگان (خوجىلار) — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ كىتابلىرىدىن شۇنداق مەلۇم بولىدۇكى، زىكىر قىلىش يولى ئۈچ خىلدۇر. بۇلار: زىكرى قەلبىي (كۆڭۈلدە زىكىر قىلىش)، زىكرى خۇفىيە (يوشۇرۇن زىكىر قىلىش) ۋە زىكرى جەھر (يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىش) قاتارلىقلار. ئالەمنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ھايات ۋاقتىدا ئۇلۇغ ساھابىلىرى

① «قۇرئان كەرىم»، 20 - سۈرە تاھا، 47 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»، 79 - سۈرە نازىئات، 40 - ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى ۋە 41 - ئايەت.

ئىچىدىن ئىككى كىشىنى ئۆزىنىڭ شەخسىيەتلىرىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ساھابىلەردىن تولىسىنى شۇلارغا ھاۋالە قىلغانىدى. زىكرى قەلبىينى ئىماملارنىڭ ھەقىقىي ئەۋزىلى ھەزرىتى ئەبۇ بەكر سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا تاپشۇرغانىدى. زىكرى خۇفىيەنى تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى، تەڭرىنىڭ غالىب يولۋىسى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب — ئاللاھ ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — قا تاپشۇرغانىدى. زىكرى جەھرىنى دىن يولىدا ئىجتىھات قىلغۇچى مۇجتەھىدلار ۋە تەرىقەت پېشۋالىرى ۋاقىتقا قاراپ، خالايىقنىڭ ئىستىبداتىغا مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئىختىيار قىلىپتۇ. ئالەمنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بەزى مەخسۇس ۋاقىتلاردا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتقان، يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلغان. زىكرى جەھر شۇنىڭدىن باشلانغان. خۇددى ھىيىت ئەتتىكىنىدە ۋە باشقا بىرقانچە خاس ۋاقىتلاردا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىلغىنىدەك.

ھەزرىتى ئىمام ئەبۇ يەئقۇب يۇسۇف[1] ئىبنى ئەييۇب ئەل - ھەمەدانى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ «مەقامات» لىرىدا [جاھاننىڭ خوجىسى] ھەزرىتى خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانى مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپتۇ: «بۇ زىكىر باشتا ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەپا — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكر سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكر سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى سەلمان فارس — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكر سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن ئارىپلار سۇلتانى ھەزرىتى بايەزىد [بىستامى] — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلھەسەن خارەقانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىدىن شەيخ ئەبۇلقاسىم گۇرگانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن شەيخ ئەبۇ ئەلى فارمەدى [تۇسى] نىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن ھەزرىتى سەيخ ئەبۇ يەئقۇب يۇسۇف ئەل - ھەمەدانىنىڭ كۆڭلىگە يەتتى. ئۇنىڭدىن پىقىر ئەبدۇلخالىق ئىبنى ئەبدۇلجەمىلنىڭ دىلىغا يەتتى. ماشايىخلاردىن كىمنىكى زىكرى قەلبىيگە مەشغۇل بولسا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكر سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا ئىقتىدا قىلغۇسى.»

ھەزرىتى خاجە ئى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بۇزرۇكۋار بوۋىسى خاجە ناسىرىددىن ئەبدۇللاھ ئەھرار ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. ھەزرىتى خاجە ئەھرار مەۋلانا يەئقۇب چەرخى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. مەۋلانا يەئقۇب چەرخى خاجە ئى بۇزرۇك بەھائۇل-ھەق ۋەددىن خاجە نەقشبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. ئۇ زات خاجە ئى بۇزرۇك سەييىد ئەمىر كەلالنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر.

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا «ئەبۇ يۇسۇق يەئقۇب» دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «خاجە مۇھەممەد يۇسۇف» دېيىلگەن.

سەييىد ئەمىر كەلان خاجە مۇھەممەد بابايى ساماسىنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. ئۇ زات خاجە ئەلى رامىتەنىنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. ئۇ زات خاجە مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر، ئۇ زات خاجە ئارىف رىۋگەرىنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. ئۇ زات جاھان خوجىسى خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىنىڭ مۇرىدلىرىدىندۇر. [ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي.]

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرىدىن ئازراق بايان قىلىش مۇۋاپىق ئىدى. بىراق، ھەرقانچە ئويلىساممۇ ئۆزۈمدە بۇنداق قىلغۇدەك لاياقەتنى تاپالمىدىم. [بەيت:

*يارى تۇ ماھى سەماۋۇ تۇ زىخاكى قەدەمى،*
*تۇ كۇجا، يار كۇجا، ئىن چە خەيالەست، ئەي دىل.*

تەرجىمىسى:

*يارىڭ ئاسماندىكى ئايدۇر، سەن ئۆزۈڭ يەردىكى لاي،*
*سەن كىممۇ يار ئۆزى كىم، بۇ نە خىيالدۇر، ئەي دىل.]*

شۇنى بىلدىمكى، بۇ ئىش ھەقىقەتەن پىقىرنىڭ ھەددى ئىمكانىيىتىدىن تاشقىرى ئىش ئىكەن. شۇنداقتىمۇ سۆزنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك جۈرئەت قىلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يېرى بولسا، بۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئەي تەڭرىم، سەن بىلگۈچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، بىز ئاجىز ۋە نادانلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ۋە نېمە ھەل بولىدۇ. بەيت:

*ئىلاھا، ئىلاھا، خەتا ئەيلەدىم،*
*كەرەم قىل، ئۆزۈمگە جەفا ئەيلەدىم.*

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇدىن يۆتكەپ كېلىپ بەدەخشانغا چىقارغان ئەمىنخاجە سۇلتاننى خان ئۇ يەردىن ھىندىستانغا كېتىشكە يارلىق قىلدى. گەرچە خاننىڭ بۇ ئىشى مەملىكەت ۋە سەلتەنەت مەسلىھەتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن خان رەھىم - شەپقەتنى ئۆزۈشنى ئۆزىنىڭ زاتىغا مۇۋاپىق كۆرمىدى. ئەمىنخاجە سۇلتان ھىندىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەسئۇد سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن باردى. خىزىر خاجە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە ئېسان دەۋلەت سۇلتان قاتارلىقلار ھەر بىرى بىر يەردە سەرگەردان يۈرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ مەقسەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلار ھەققىدە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى قانداق بولسا، شۇنداق بولغۇسى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردي مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان[1]

**ئابلا ئەھمىدى**

ئەمدى ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن زىيائىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىكى يىلنامىلەرگە كەلسەك، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىرى «قۇرۇلۇشقا ئىش باشلانغان چاغ» دىن، يەنە بىرى «قۇرۇلۇش تاماملانغان چاغ» دىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى داۋگۇاڭنىڭ يۇقىرىقى يارلىقى بىلەن ئۇتىغات كاشغەرگە يېتىپ كەلگىچە يىل ئاخىرى بولۇپ قالغان. بۇ جەرياندا «ھاكىمبەگ ئوردىسى (ھازىرقى مەمۇريي مەھكىمە)» پۈتۈپ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «كونا ئوردا» دىن بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقىپ رەسمىي ئىش بېجىرىشكە باشلىغان ھەم «ئامبان» لىق قالپىقى (بۆكى، تاجى) كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن نىزارى بىلەن زىيائى يۇقىرىدىكى بېغىشلىمىنى يازغان. كېيىنكى چاغلاردا، زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بۇ بېغىشلىمىدىكى يىلنامىنى مىلادىيە كالىندارىغا توغرىلاپ، ئارىدىكى بىر ياكى بىر نەچچە كۈن پەرقىنى «بىر يىل» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ (ئۇ بېغىشلىمىلاردا ھەقىقەتەن بىر يىل پەرق مەۋجۇد)، ئوقۇرمەنلەرنى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1839 ـ يىلى شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاپ، 1840 ـ يىلى ئاياغلاشتۇرغان ئىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدى. بىزنىڭچە، پاكىت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىر «ئوردا» دا ئىزچىل بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتقان نىزارى بىلەن زىيائىدىن ئىبارەت قوشماق شائىرنىڭ بىرى ئۆز «شاھ» ىغا بىر يىل بۇرۇن، ئىككىنچىسى بىر يىل كېيىن مەدھىيەنامە يېزىشى، ھەتتا ئوخشاش بىر ئىشنى بىر بىرىدىن بىر يىل كېيىن قەلەمگە ئېلىشى ئانچە ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ يۇقىرىدىكى يارلىقى كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندە، دىۋان شاھان (باش كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارى بالدۇرراق خەۋەر تېپىپ، بالدۇرراق قەلەم تەۋرەتكەن؛ زىيائى كېيىنرەك خەۋەر تېپىپ ياكى باشقا سەۋەب بىلەن كېيىنرەك قەلەم تەۋرەتكەن. نەتىجىدە، نەچچە كۈننىڭ ئويان ـ بۇيان بولۇشى بىلەن، بۇ ئىككى مەدھىيەنامىنىڭ بىرى «يىل ئاتلاپ» كەتكەن. يەنى ئاي ـ كۈنلەر ئېنىق يېزىلمىغان بۇ مىسرالار نەچچە كۈنلا ئىلگىرى ـ كېيىن يېزىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىرى «1839 ـ 1840 ـ يىللار» غا، يەنە بىرى «1840 ـ 1841 ـ يىللار» غا تەئەللۇق بولۇپ قالغان. بىر

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئاياغلاشسا، ئەتىسىلا يېڭى بىر يىل باشلىنىدىغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەسقۇ؟! مۇشۇ نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمىسا، كاشغەر شەھىرى كېڭەيتىپ ياسىلىپ، «ئېچكىرىكى شەھەر» ۋە «تاشقىرىقى شەھەر» بولۇپ قالغان ۋاقىتنى خان ئوردىسى ئارخىپلىرىدىكى مەلۇمات بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر جۈپ شائىرنىڭ ئوخشاش بىر ئىشنى زادى نېمە سەۋەبتىن بىر يىل ئىلگىرى - كېيىن قەلەمگە ئالغانلىقىنى زادى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز نىزارىنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىنى «كاشغەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلانغان چاغ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا نىزارىنىڭ ئۆزى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتقان:

«قىلىپ قەلئەنى ئول مەھكەم، گوياكى سەددى ئىسكەندەر

(ئۇ كاشغەر شەھىرىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سېپىلىدەك مۇستەھكەم سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەرگە ئايلاندۇردى)» دېگەن مىسراسىنى ئىنكار قىلغان بولىمىز. چۈنكى كاشغەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا ھەقىقەتەن 1839 - 1840 - يىللىرى ئىش باشلانغان بولسا، ئابدۇرېھىم نىزارى كېيىنچە «بەنا ئەتتى» دېمەستىن، بەلكى «بەنا ئېتىشكە كىرىشتى» ياكى «بەنا ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى» دېگەن بولاتتى. ئوخشاشلا، ئاخىرقى مىسرادىكى «قىلدى» مەنىسىدىكى «قىلىپ» نى «قىلماقچى» ياكى «قىلىشقا بەل باغلىدى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولاتتى. شۇڭا بىز نىزارىنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىنى 1839 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئېيى (12 - ئاي) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يېزىلغان، دەپ قارايمىز. زىيائىنىڭ: «بۇ بىنا تەئمىرىنىڭ تارىخىغە ئەختەر نىدا» دېگەن مىسراسىدىكى «ئەختەر نىدا» نى «1840 - يىل» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېغىشلىمىسى شۇ يىلىنىڭ تۇنجى ئېيى (1 - ئاي) نىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يەنى ئابدۇرېھىم نىزارىدىن بىر ياكى بىرنەچچە كۈنلا كېيىن يېزىلغان بولۇپ، تەبىئىي سۈرەتتە «يىل ئاتلاپ كەتكەن» دەپ قارايمىز. ئەگەر بىز مەلۇم يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى تۈگىسە، ئەتىسىلا يېڭى بىر يىل باشلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، بۇ ئىككى بۈيۈك زاتنىڭ بېغىشلىمىسىدىكى ۋاقىت پەرقىنى ئىلمىي يوسۇندا توغرا چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى كاشغەر شەھىرىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇش جەريانىنى ئوردا خاتىرىلىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلالايمىز.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «ئىسلاھاتچى» لىقى ھەققىدىكى قارىشىمىز مۇنداق: ئۇنىڭ «تاجى ھېكىم بەگ مەدرىسى» نى ئۆز نامى ۋە ئۆز خىراجىتى بىلەن ياساتقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ يا مەسلىھەتچى ئامبانغا، يا پادىشاھ داۋگۇاڭغا كاشغەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇھىتى (ھالىتى) نى قانداق ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. ئۇنى بىزگە «ئىسلاھاتچى» سۈپىتىدە تونۇتقان ئاساسلىق پاكىت ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نىڭ ئاشۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرى بىلەن «نىزارى داستانلىرى» دىكى بەزى كۇپلېتلاردىن كەلگەن بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاشۇ كۇپلېتلارغا سىڭگەن مەزمۇنلارنى تەھلىل قىلىش ۋە بەزى مويسىپىتلارنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلىپ يازغان ماقالىلىرىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراش، خالاس.

مۇبادا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىسلاھاتچى بولىدىغان بولسا، ئۇ پادىشاھقا، ھېچبولمىغاندا مەسلىھەتچى ئامبانغا بەزى ياخشى تەكلىپلەرنى بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى قىلماقچى بولغان ئاشۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئوردا تارىخنامىلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان ۋە شۇ تارىخنامىلاردىكى مەزمۇنلار ھەنزۇ تارىخچىلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزۈلگەن بولاتتى. ماۋۇ مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

1755 - يىلى، ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى بەگ جۇڭغارلارنىڭ خانى داباجىنى تىرىك تۇتۇپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، پادىشاھ چيەنلۇڭغا ئىلمدا بارىمتاي (گۆرۈ) بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خان خوجىنى «تۆرە» دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋېتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارنى «ئۇرۇشسىز ئىتائەتكە كىرگۈزۈش» تەكلىپىنى بەرگەنىدى. چيەنلۇڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. بىراق، كېيىن خوجىلار ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، ئاخىرقى ھېسابتا، خوجەسى بەگ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى.

1815 - يىلى 9 - ئايدا، كاشغەردە «زىياۋىددىن ۋەقەسى» يۈز بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، زىياۋىددىن ئىشان بىلەن بىرلىشىپ مۇشۇ ۋەقەنى پەيدا قىلغان قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى تۇردى مەمەت بەي (بەگ) زىياۋىددىن ئىشاننى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بەردى. ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن (ئۇ شۇ چاغدا كاشغەردە ئىدى) كاشغەر ھاكىمبېگى مىرزا ئىسھاق جۇڭۋاڭنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن بەرگەن تەكلىپىنى رەت قىلىپ، زىياۋىددىن ئىشان بىلەن تۇردى مەمەت بەينى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ئۈچۈن مەنسىپى ئېلىپ تاشلاندى.

بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

دېمەك، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «ئىسلاھات» دېگەن سۆزدىن ئەسلا ئېغىز ئېچىپ باقمىغان. ئەمما، پادىشاھقا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق قەلبى بىلەن ئوردىنىڭ يارلىقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ يۈز تاپقان، ئەمەل تاپقان ھەم ھوقۇق - ئىمتىيازغا تايىنىپ، كاشغەر شەھىرىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈش بىلەن چاغدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئوغۇلچاق (بەزى مەنبەلەردە سۇتۇق بۇغراخان) سالدۇرۇپ، توپتوغرا 900 يىل بۇ يۇرتتا دەۋران سۈرگەن ھۆكۈمرانلار ئىش بېجىرىپ كەلگەن «ئوردا» نى ياراتماي، يېڭىدىن «ئوردا (ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمە)» سالدۇرۇپ، شۇ يەردە ئىش بېجىرىشكە باشلىغان. نەتىجىدە، بۇرۇنقى ئوردا «كونا ئوردا» دەپ ئاتىلىپ، يىلدىن - يىلغا ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا يەر يۈزىدىن غايىپ بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان، خانىش، شاھزادە، مەلىكىلىرىنىڭ سەيلىگاھى «بۇلاقبېشى» مۇ يىلدىن - يىلغا ئەسلىدىكى تۈسىنى يوقىتىپ، تارىيىپ - كىچىكلەپ، بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇنىڭ نامى بىلەن كۆزلىرى تىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە بۇلاقلا قالدى.

بۇ ئۇنىڭ «ئىسلاھاتچى» لىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

ياق! چۈنكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا ناھايىتى يۇقىرى ھوقۇق - ئىمتىيازلارنى بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ پايدىلىق پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ رايى بويىچە ئىش

كۆرگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ رايىغا باقمىغان مانجۇ - خەنزۇ ئەمەلدارلارنى مەنسەپتىن قالدۇرغان ياكى سۈرگۈن قىلغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ مۇشۇنداق ئىمتىياز تۈپەيلىدىن شۆھرەتپەرەسلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچ، داۋگۇاڭنىڭ «شەھەر سېپىلىنى مۇستەھكەملەش» ھەققىدىكى يارلىقىنى ئىجرا قىلىش باھانىسىدا ئۆزى ئۈچۈن «ئوردا» ياسىتىپ، مىڭ يىللىق قەدىمىي سەلتەنەت ئىزىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغىنىنى تۇيمىغان. بىراق، شەھەرنى بىر ھەسسە كېڭەيتكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بولۇپ، بۇ نۇقتا ئۇنىڭ سۇ يولىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەرنىڭ ھەممە كوچا - مەھەللىرىنى ئېرىق بىلەن تورلاشتۇرۇپ، يېشىلزارلىققا ئايلاندۇرغانلىقى، جۈملىدىن «جان ئاللا مەھەللىسى» (ھازىرقى جانان كوچىسى) بىلەن «خام بازىرى» ئارىلىقىدىكى موغۇل (مۇسۇلمان موڭغۇل) قەبرىستانلىقىنى يۆتكەپ (نەگە يۆتكىگەنلىكى نامەلۇم)، «توققۇزاق دەرۋازىسى»دىن چىقىشلا قاتار - قاتار قەبرە - گۈمبەزلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھالەتكە خاتىمە بەرگەنلىكىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، ئەينى چاغدا «ئىسلاھ قىلىنغان» يالغۇز بىرلا كاشغەر شەھىرى بولماستىن، بەلكى ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان سەككىز قەلئە - شەھەر بولغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىسلاھات پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ بۇيرۇقى ۋە يۇقىرىدىكى جايلاردا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان مانجۇ - خەنزۇ ئامبان - دارىنلارنىڭ تۈرتكىسى، ھەر تەرەپلىمە قوللىشى بولغىنى ئۈچۈنلا، يۇرتىمىزدا بىر مەھەل «ئىسلاھات» دولقۇنى قوزغالغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئاشۇ «دولقۇن»دا «رول ئوينىغان» سەككىز ھاكىمبەگنىڭ بىرى، خالاس.

1840 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 20 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تارباغتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبانى خۇاشەنتەي كاشغەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلىقىغا تەيىنلەندى.

1841 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 21 - يىلى)، شائىر تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ (غەرىبىي) نىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق ئەسىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى.

شۇ يىلى يازدا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قانداقتۇر سەۋەب بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، 71 ياشلىق ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نى بىللە ئېلىپ لۈكچۈنگە يول ئالدى. بۇنىڭ بىلەن كاشغەردە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرى» باشلاندى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىزكى، بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ كاشغەرگە «ھاكىمبەگ» بولۇپ كەلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاشغەردىن ئايرىلغان ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئوخشىماسلىقلار بار:

«زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1830 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1850 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە بولۇپ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېچىشتا، ئا. نىزارى، ن. زىيائى، غەرىبىي، سەبۇرىيلار قاتارىدا زور رول ئوينىغان. . .» («دىۋانى زوھۇرى»غا قاراڭ).

«زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1830 - يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ 10 يىلغا يېقىن ئىشلەپ، 1849 - يىلى ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن

ھاكىمبەگ مەنسىپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىدۇ. 1852 ـ يىلى لۈكچۈننىڭ دېھقانسۇ دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» گە قاراڭ).

«زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1831 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 1848 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ (يەتتە خوجا يېغىلىقى ـ ئاپتور) دا قوزغىلاڭچى ئاما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن» («قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ سانىغا قاراڭ).

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل مەلۇماتنىڭ بىرىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بىرىنچى مەلۇماتتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەندىن سىرت، ئۇنىڭ كاشغەردە ھوقۇق تۇتقان ۋاقتى «يىگىرمە يىل» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئىككىنچى مەلۇماتتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ۋاقتى توغرا قەلەمگە ئېلىنمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنى باشتىن ـ ئاياغ «نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» دەپ قاراپ كەلگەن ئاپتور ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى «زوھۇرىددىن» ئاتلىق ئىككى كىشىنى بىر كىشى قىلىپ قويۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ مەنسەپتىن ئايرىلغان ۋاقتىنى توپتوغرا سەككىز يىل كېيىنگە سۈرۈۋەتكەن. ئۈچىنچى مەلۇماتتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقتى توغرا قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ئۆلتۈرۈلگەن» لىكى رىۋايەتتىن ئىبارەت، خالاس. «يەتتە خوجا يېغىلىقى» بولغان چاغ 1848 ـ يىلى ئەمەس، بەلكى 1847 ـ يىلى ئىدى. يەنى «يەتتە خوجا» شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كاشغەر شەھىرىنى، 11 ـ كۈنى يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلغان. «يۇملاق شەھەر (لەيىنىڭ چېلىڭ)» بىلەن «چىنىخوزا» دا تۇرۇشلۇق مەنچىڭ چېرىكلىرى «يېڭى شەھەر» گە چېكىنىپ، ئۇ يەرنى مۇداپىئە قىلغان. ئاشۇ يېغىلىقتا ئۆلگەن كىشى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئەمەس، بەلكى ئابدۇسەمەت ھاكىمبەگدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1831 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن بولۇپ، 1832 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كاشغەرگە يېتىپ كەلگەن. ئازغىنە كەم ئون يىل بۇ يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 1841 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەختتىن چۈشۈپ لۈكچۈنگە قايتقان. ئۇنىڭ زادى قانداق سەۋەب بىلەن مەنسەپتىن ئايرىلغانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك يازما مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا بۇ ھەقتە كېيىنچە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

ئەمدى بىز زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ خەنزۇ ئاپتورلار زادىلا قەلەمگە ئالمىغان، ئەمما ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۇنىڭ يەنە بىر چوڭ تۆھپىسى سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا قەلەمگە ئېلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋەتكەن بىر ئىش، يەنى ئۇنىڭ شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ، لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى يازدۇرغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

«لۈكچۈن ۋاڭى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ: «بەگ ئاكا، قەشقەردە ھاكىمبەگ بولدىڭىز، ئىشلىرىڭىزنىڭ رەتكە چۈشۈپ،

خەلقنىڭ ئەمىن تاپقانلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بۇرۇنقى مالىمان يىللاردا ئاتام دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. بۇ ھەقتە ئەھۋاللارنى تولۇق بايان قىلىپ، لۈكچۈن بەگلىكىنىڭ نەسەبىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، دىۋان بەگلىرى ئىچىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى دېگەن ئالىم كىشىنى لۈكچۈنگە ئوردىدا بىر مەزگىل تۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئابدۇرېھىم نىزارىنى 1835 ـ يىلى لۈكچۈنگە يولغا سالىدۇ. . . ئابدۇرېھىم نىزارى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ قەشقەردە قەتل قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسىرى «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە» بىلەن «لۈكچۈن ۋاڭ ئەفرىدۇننىڭ قەشقەر ھاكىم بېگى زوھۇرىددىنغا يوللىغان سالىمى»، «ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە قىسسە»، «رابىئە ـ سەئىدىن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا»، قاتارلىق يىرىك داستانلاردىن تەركىب تاپقان «خەمسە» نى يېزىپ چىقىدۇ. . . نىزارى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، كىتابنى يېزىپ تاماملاپ. . . 1836 ـ يىلى كۈزدە قەشقەرگە قايتىدۇ. . . » («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» نىڭ 27 ـ 28 ـ بەتلىرىگە قاراڭ).

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن مۇنداق يەكۈن چىقىدۇ:

1) ئەفرىدۇن ۋاڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى.

2) ئابدۇرېھىم نىزارى 1835 ـ يىلى يازدا لۈكچۈنگە بېرىپ، 1836 ـ يىلى كۈزدە كاشغەرگە قايتقان.

3) ئابدۇرېھىم نىزارى «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق يىرىك داستانلاردىن تەركىب تاپقان «خەمسە» نى لۈكچۈندە تۇرغان بىر يىلدىن ئارتۇق جەرياندا يېزىپ تاماملىغان. يەنى نىزارىنىڭ بارلىق يىرىك داستانلىرى لۈكچۈندە يېزىلغان. . .

يۇقىرىدىكى يەكۈننى بارلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەقىر بۇ يەكۈننىڭ تۈپتىن خاتا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ:

بىرىنچى، ئەفرىدۇن ۋاڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «بىر نەۋرە ئىنىسى» ئەمەس، بەلكى بىر نەۋرە تاغىسىنىڭ ئوغلى.

ئىككىنچى، «نىزارى 1835 ـ يىلى لۈكچۈنگە بېرىپ، 1836 ـ يىلى كۈزدە كاشغەرگە قايتقان» ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساس: نىزارى «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنى 1835 ـ يىلى كاشغەردە يېزىپ تاماملاپ، جامائەتچىلىك ئىچىدە ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلغان. ئۇن بەش ياشلىق لۈكچۈن ۋاڭى، يەنى مۇھەممەت سېيىت ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بىر نەۋرە تاغىسى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ۋاڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە يۇقىرىدىكى خەتنى يېزىپ، ئۇنىڭدىن نىزارىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى يازدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ نىزارىنى دەرھال ئەۋەتەلمىگەن. چۈنكى بۇ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دىۋان شاھان (باش كاتىپ) نىزارى، كاتىپلاردىن نورۇز ئاخۇن (زىيائى)، تۇردۇش ئاخۇن (غەرىبىي) قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئاۋام خەلق ئىچىدە «مەرىپەتپەرۋەر زات»، «ئادىل پادىشاھ» دېگەندەك پەخرىيناملارغا

ئېرىشىپ، بۇ زاتلارغا «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «پەرھاد ـ شىرىن» داستانلىرى ۋە «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان (ئوپال يېزىسىنىڭ «دوغلات» كەنتىدە يېزىقچىلىق گورۇپپىسى ئويۇشتۇرغان ـ ئاپتور) چاغ ئىدى («نىزارى داستانلىرى» 3 ـ بەتكە قاراڭ). دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇزۇن يىل دەككە ـ دۈككە، سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق ئىچىدە ياشاپ، سەلتەنەت تەختىگە ئېرىشكىنىگە ئەمدىلا تۆت يىل بولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ نىزارىدەك كاتتا ئەرباب ـــ شاھ دىۋانىنى لۈكچۈنگە ماڭدۇرۇۋېتىشى پەقەت ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بىلەن نىزارىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن مىرئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇناسىۋىتىگە تەققاسلىساق ئارتۇق كەلمەيدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ...

ئەمدى نىزارىنىڭ «1836 ـ يىلى كۈزدە لۈكچۈندىن قايتقان» لىقىغا كەلسەك، بۇ مەلۇماتمۇ ئوخشاشلا قىياستىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى پاكىت دەلىللەيدۇ: قازى كالان، شائىر، تارىخچى مۇھەممەد سادىق ئەلەم (كاشغەرى) 1836 ـ يىلى كۈزدە، يەنى ھىجرىيە 1252 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى (مىلادىيە 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) ئوپالدا كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق كىتابى «مەسنەۋىي شەرىف» نى مەھمۇد كاشغەرى مازىرىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا «ۋەقفى مۇتلەق» قىلغان چاغدا، ئابدۇرېھىم نىزارى ئاشۇ سورۇندا بولغاندىن تاشقىرى، گۇۋاھچىلار قاتارىدا ھۆججەتكە ئىمزا قويغان تۇرسا، ئۇنىڭ «كۈزدە لۈكچۈندىن قايتقان» لىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟! كىچىك بالىغىمۇ ئايانكى، ئەينى چاغدا لۈكچۈن بىلەن كاشغەرنىڭ ئارىلىقى ئاتمىش ئۆتەڭ ـ ئاتمىش كۈنلۈك يول بولۇپ، لۈكچۈندىن «كۈزدە قايتقان» نىزارىنىڭ بۇ سورۇنغا قاتنىشالىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ قارا قىشتا كاشغەرگە يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىن... شۇڭا كېيىنچە ئېيتىمىزكى، ئابدۇرېھىم نىزارى 1835 ـ يىلى لۈكچۈنگە بارمىغان ھەم 1836 ـ يىلى كۈزدە ئۇ يەردىن قايتمىغان. ئەكسىچە، كېيىنكى چاغلاردا بەزىلەرنىڭ ئاغزاكىي مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قەلەمگە ئېلىنغان يازمىلارنى ئۇنىڭدىن بۇ، بۇنىڭدىن ئۇ كۆچۈرۈۋېرىپ، نىزارىنىڭ 1835 ـ يىلى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن لۈكچۈنگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت «پاكىت» شەكىللەنگەن ۋە بۇ «پاكىت» ئادەتتىكى ئىلىم ئاشنىلىرىدىن تارتىپ، ئالىم ـ تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ ئورتاق قارىشىغا ئايلىنىپ قالغان. بىزنىڭچە، بۇ «پاكىت» نى ئېتىراپ قىلغانلىق «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرى» نى چۈشىنىشىمىزگە پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، نىزارىشۇناسلىقنى توپۇق يولغا باشلايدۇ، خالاس.

ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە»، قاتارلىق يىرىك داستانلاردىن تەركىب تاپقان «خەمسە» نى يېزىپ تاماملىغان» لىقى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق مەلۇمات بولۇپ، كىشىنى «نىزارى لۈكچۈنگە بارغاندىن كېيىنلا ئىلھامى ئۇرغۇپ، ئۆمۈر بويى قىلالمىغان ئىشنى بىر يىلدىلا قىلىپ پۈتتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى ئىجادىيەت سەپىرىدە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلغان بولغىيدى؟» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر تارىخقا، تارىخىي چىنلىققا، ئىلمىي تەتقىقات ئىشىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراپ، ئەڭ ئىشەنچلىك يازمىلاردىن پاكىت ئىزدەيدىغان بولساق،

ئوخشاشلا، يۇقىرىدىكى مەلۇماتىنىڭمۇ «كۆچۈرمىدىن كۆچۈرۈلمە» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز. يەنى نىزارىدىن ئىبارەت بۈيۈك زاتنىڭ «جېنى بىلەن بېشى ئون، قولى يىگىرمە» بولغان تەقدىرىدىمۇ، شۇنچىلا كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى «بىر يىلدا يېزىپ پۈتتۈرگەن» لىكىگە قىلچە ئىشەنمەيمىز!

ئۇنداقتا، ئابدۇرېھىم نىزارى لۈكچۈنگە بارغانمۇ، بارمىغانمۇ؟

جاۋاب: بارغان.

قاچان بارغان؟

جاۋاب: 1841 - يىلى بارغان.

نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز؟

جاۋاب: بۇ سوئالغا نىزارىنىڭ ئۆزى شۇ چاغدىلا جاۋاب بېرىپ بولغان.

ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقساق قانداق؟

«نىزارى داستانلىرى» نىڭ 82 - بېتىدىكى ماۋۇ مىسرالارنى ئوقۇپ بېقىڭ:

«مۇسائىد ئېردى زامان ماھى شەرىف،
چۇ مەھكۇم ئولۇپ زار ئەبدۇلزەئىف».

ئالدىنقى مىسرادىكى «ماھى شەرىف» نىڭ مەنىسى «رامىزان ئېيى» بولۇپ، مىلادىيە 1841 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، يەنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ نىزارى بىلەن زىيائىينى لۈكچۈنگە ئاپىرىۋېلىپ، ئەجداتلىرى ۋە ئۆزى ھەققىدە كىتاب يېزىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن چاغدۇر.

ھەر يىلى رامىزان ئېيى بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغان تۇرسا، نېمىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ 1841 - يىلىنىڭ رامىزان ئېيى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردىڭىز؟

بۇنىڭ جاۋابىمۇ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 84 - بېتىدە بار:

«بۇ ھەنگام ئارا سۆز مۇزەييەن بولۇپ،
كى تارىخىي ھىجرەت مۇئەييەن بولۇپ.
ۋەرەقغە كىتاب ئىشى بولدى سەبت،
ھەزار دۇسەد باز پەنجاھۇ ھەفت»

بۇ مىسرالارنى نەسرگە ئايلاندۇرساق، مۇنداق مەزمۇن كېلىپ چىقىدۇ: «گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ كىتابتا سۆز بېزەكلىرى سەپ تارتىپ بولدى. بۇ تارىخىي ھىجرىيەنىڭ 1257 - يىلى (مىلادىيە 1842 - يىلى) ئىدى».

بۇ يەردىكى «كىتاب» دەل «نىزارى داستانلىرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «رابىئە - سەئىدىن» دىن ئىبارەت تۆت داستانىنىڭ «مۇقەددىمىسى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئۆمەر ئوسمان (شىپائى) ئەپەندى بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، ئۇنى مۇستەقىل كىتاب

سۈپىتىدە «تاجى ھېكىم بەگ داستانى» دەپ شەرھلەپ كۆتكەن يازما بولۇپ، ئۇنىڭ 1841 - يىلى رامىزان ئېيىدا يېزىلىشقا باشلاپ، 1842 - يىلىنىڭ مەلۇم ئېيىدا تاماملانغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئوخشاشلا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ نىزارىنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ يازدۇرماقچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ كىتاب ئىدى. نىزارىنىڭ ئۆزى ئۇنى ھىجرىيە 1257 - يىلى (مىلادىيە 1842 - يىلى) يېزىپ تاماملىغانلىقىنى ئېنىق يېزىپ قالدۇرغان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئاساسلىنىپ ۋاقىتنى بەش - ئالتە يىل ئالدىغا سۈرۈپ: «1836 - يىلى يېزىلغان» دەۋالىمىز؟ بۇ نىزارىشۇناسلىقتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك بولماي نېمە؟!

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى: «كىتاب» نىزارىنىڭلا ئەمگىكى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەلەمدىشى، خىزمەتدىشى نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نىڭمۇ ئەمگىكىدۇر. بۇ ھەقتە «كىتاب» نىڭ ئۆزىدە ئېنىق مەلۇمات بار بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىم توختىلىمىز.

يۇقىرىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ 1841 - يىلى ئابدۇسەمەت ھاكىمبەگكە ئورۇن بوشىتىپ، لۈكچۈنگە كەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ لۈكچۈندە ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز. چۈنكى يەتمىش يىللىق ھاياتىمىزدا «ئىسكەندەر ۋاڭ گۈمبىزى» نى مەركەز قىلغان «ۋاڭلىق قەبرىستانلىق» تا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەبرىسى» دېيىلىدىغان قەبرىنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇنداق بىر قەبرە بولغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئەمدىكى گېپىمىز يەتمىش ياشتىن ھالقىغان ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق سەۋەب بىلەن لۈكچۈنگە بېرىپ «كىتاب» نى يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈستىدە بارىدۇ: ۋۇجۇدى شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن تولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئىلتىماسى يادىغا يەتكەن (ئەگەر شۇنداق «ئىلتىماس» ھەقىقەتەن مەۋجۇد بولسا) ياكى ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ئۇنىڭ ياشراق قەلەمدىشى نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نى («قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1983 - يىللىق 3 - سان، 27 - بېتىگە قاراڭ) «يۇرت كۆرسىتىپ، ھاۋالاندۇرۇش» باھانىسىدا لۈكچۈنگە ئاپىرىپ، ئەجداتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ شەجەرىسىنى يازدۇرۇپ قويماقچى بولغان. مۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: بىرىنچى، ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ باشقا ۋارىسلىرى ھايات چاغدا يازدۇرۇپ قويمىغان «تەزكىرە» نى ئون بەش ياشلىق ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ «يازدۇرۇپ قويماقچى بولغان» لىقى ئانچە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئىككىنچى، ئەفرىدۇننىڭ ئەجداتلىرى ھايات چاغدا لۈكچۈندە ياشىغان، ھەتتا ئەسەرلىرىنى ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆگەنگىدەك «ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىم، ‹رەۋزەتۇل زوھرە›، قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى (قۇسۇرى)» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» نىڭ 28 - بېتىگە قاراڭ) دەك كاتتا ئەربابلارغا يازدۇرۇلمىغان «تەزكىرە» نىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىنى لۈكچۈنگە «تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ» يازدۇرۇلماقچى بولغانلىقى كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. چۈنكى «قۇسۇرى» دەك ئالىم چىققان لۈكچۈندىن ئۆز ۋاڭلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى يازالىغۇدەك بىرەر ئەرباب چىقماسلىقى مۇمكىنمۇ؟! ئۈچىنچى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ كاشغەردە دەۋران سۈرگەن مۇشۇ ئون يىلدا، ئەجداتلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى يازدۇرۇپ قويۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن

بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغان. يەنى جامائەتچىلىكنىڭ ئۆزىنى «شۆھرەتپەرەس» دەپ ئەيىبلىشىدىن ساقلانغان. تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن بولسا، ئۆزۈن يىل ئۆپكە سىلى (تۇبېركۇليوز) نىڭ ئازابىنى تارتقان ئابدۇرېھىم نىزارىغا «شەپقەت قىلىپ يۇرت كۆرسىتىش» باھانىسىدا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. بىراق، 71 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ زاتقا قازايىقەدەر يېتىپ قالسا، ئۆز مۇددىئاسىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نىمۇ ھەمراھ قىلىۋالغان. لۇكچۇنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى «ۋاڭ ئوردىسى» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر مەزگىل شاھانە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتكەن. مەشھۇر مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلدۇرغان، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە - ساياھەت قىلدۇرغان. . . 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، تۇيۇقسىزلا نىزارى بىلەن زىيائىيغا ئۆزى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ شەجەرىسىنى يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم نىزارى مۇنداق يازىدۇ:

«زەمانىكى ئول شەھقە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلغازى دەفئى مەلال.
چۇ ئۆششاقلار ھىكاياتىنى،
كى باشىدىن ئۆتكەن رىۋاياتىنى.
قىلىپ نەزم ئەيلەسە خوبدۇر،
كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر.
بۇ فىكرەتدە ئەيلەپ چىنان يارلىغ،
خىرەد مەند داناغە دىلدارلىغ.
مۇسائىد زەمان ئېردى ماھى شەرىف،
چۇ مەھكۇم ئۇلۇپ زار ئەبدۇلزەئىپ.
قىلىپ شۇغل لۇتفى خۇدايى بىلە،
ياتىپ نەچە كۈنلەر زىيائى بىلە.
تېرىپ نەسىر دەرياسىدىن جەۋھەرى،
تىزىپ رىشتەغە ئەيلەگىز گەۋھەرى.
ئۇلۇغ كارىغا قىلدىلەر يارلىغ،
ئانىڭ ھەملىدىن يەتتى بىمارلىغ.
بولۇپ بىزگە چۈن ھۆكمى ئىسكەندەرى،
ئاراغە ئالىپ بىزنى غەم لەشكەرى.
چىراكىم كۆڭۈل مۈلكى ئانچە خەراب،
خىرەد يۈزىدە يوق تۇرۇر نور تاب.
تاپالماي ھەمانا ئىلاجىغە يول،
كى جانۇ - كۆڭۈل بىرلە قىلدۇق قەبۇل.
تەۋەججۇھ بىلە يالبارىپ پىرغە،

كىم ئول جامىي ۋە مىرئەلىشىرغە.
كۆڭۈل مۇددىئاسىنى زار ئەيلەبان،
كى قۇللۇغدا ئەرزۇ نىياز ئەيلەبان.
تەۋەككۇل بىلەن يولغە قويدۇق قەدەم،
سۇرۇپ تىز سەمەندى ئانداغ قەلەم».
(«نىزارى دىۋانى» 81 ـ، 83 ـ بەتلەردىن)

يۇقىرىدىكى مىسرالارنى نەسىرگە ئايلاندۇرساق، مۇنداق مەلۇماتقا ئېرىشىمىز: «كۇنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ (زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ) ئاشىقلار (ئاللانىڭ ئاشىقلىرى ـ تورپان دىيارىنى بېسىپ ياتقان ئاتالمىش ‹ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار›، ـ ئاپتور) ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن ئۆزى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى يازدۇرۇپ، ھەممەيلەننى خۇش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، بىز خىزمەتكارلارغا: ‹زىبائى بىلەن ئىككىڭلار تەڭرىگە تائەت ـ ئىبادەت قىلغاچ، نەسىر (سۆز) دەرياسىدىن جەۋھەر تېرىپ، ئۇنى يىپقا (قەغەز يۈزىگە) تىزىپ گەۋھەرگە ئايلاندۇرۇڭلار›، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى بىز ئاجىز قۇللارغا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ بۇيرۇقىدەك تۇيۇلۇپ، غەم لەشكىرىنىڭ ئارىسىدا قالدۇق. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن كۆڭلىمىز بىئارام بولغىنىدىن چىرايىمىزنىڭ خۇنى قېچىپ، ۋۇجۇدىمىزنى كېسەل چىرمىۋالغاندەك بولدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ (بۇ يۈكتىن) قۇتۇلۇشقا ئامال تاپالماي، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى جان ـ دىلىمىز بىلەن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق! شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پىر ـ ئۇستازلىرىمىز ئابدۇرەھمان جامىي بىلەن مىرئەلىشىر نەۋائىنىڭ روھىغا مۇددىئايىمىزنى ئىزھار قىلىپ مەدەت تىلەپ، ‹تەۋەككۇل› قىلىپ قەلەم تۇلپارىنى چاپتۇردۇق».

دېمەك، بىز بۇ مەلۇماتتىن بەزىلەر «‹نىزارى داستانلىرى›نىڭ ‹مۇقەددىمىسى›» دېسە، يەنە بەزىلەر «تاجى ھېكىم بەگ داستانى» دەۋاتقان، نىزارى بىر ئېغىز سۆز بىلەن «كىتاب» دەپ ئاتىغان، ئەينى چاغدا لوكچۇندە قەلەمگە ئېلىنغان قىسسىلەرنى «پادىشاھ (زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ)»نىڭ مەجبۇرلىشى، يەنە كېلىپ، قانداقتۇر «تەكلىپ قىلىپ» ئەمەس، بەلكى «ماھى شەرىف (رامىزان ئېيى)»نىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۇيۇقسىز چۈشۈرۈلگەن «يارلىغ»نىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن چاغدا:

«قىلىپ شۇغل لۇتفى خۇدايى بىلە،
ياتىپ نەچە كۇنلەر زىبائى بىلە.
تېرىپ نەسىر دەرياسىدىن جەۋھەرى،
تىزىپ رىشتەغە ئەيلەگىمىز گەۋھەرى».

دېگەن مىسرالاردىن بۇ «يارلىغ»نىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىبائى) قا چۈشۈرۈلگەنلىكى؛ «كىتاب» تىن ئورۇن ئالغان قىسسەلەرنىڭ قايسىسى نىزارىغا، قايسىسى زىبائىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ، «كىتاب»نىڭ بۇ ئىككى

زاتىنىڭ ئورتاق ئەمگىكى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۇق. تېخىمۇ مۇھىمى، نىزارى بىلەن زىيائىدىن ئىبارەت قوشماق شائىرنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان مۇستەقىل بىر كىتابنىڭ «نىزارى داستانلىرى»غا «مۇقەددىمە» سۈپىتىدە كىرگۈزۈلۈپ، زىيائىدىن ئىبارەت بىر جاپاكەش شائىرنىڭ ئەمگىكى يوققا چىقىرىۋېتىلگەنلىكىگە قاتتىق ئېچىندۇق. بىزنىڭچە، بۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ناھايىتى زور پاجىئەلەردىن. چۈنكى «نىزارى داستانلىرى» دىكى: «ياتىپ نەچە كۈنلەر زىيائى بىلە» دېگەن مىسرادىكى «زىيائى» نىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا، شاھ دىۋان (باش كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قول ئاستىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان «نورۇز ئاخۇن كاتىپ» ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان پاكىتقۇ! شۇنداق ئىكەن، زىيائىنىڭ ئەسەرلىرىنى نىزارى ئەسەرلىرىدىن ئايرىپ نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

بىز يۇقىرىدىكى مىسرالاردىن يەنە شۇنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، نىزارى بىلەن زىيائىنىڭ بۇ ئىشقا قىلچە رايى بولمىغان. چۈنكى بىرىنچىدىن، «يارلىغ» ھەم تۇيۇقسىز، ھەم كەسكىن چۈشۈرۈلگەن. ئىككىنچىدىن، بۇ چاغ ھەم رامىزان پەيتى، ھەم قىش پەسلىگە توغرا كەلگەن. ئۈچىنچىدىن، 71 يېشىنى ياشاپ بولغان نىزارى بۇ يەرگە «يۇرت كۆرۈپ، ئۇلۇغ مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش» مەقسىتىدە كەلگەن. شۇڭا ئۇ ياكى زىيائى ئۆزلىرىگە مۇنداق «ۋەزىپە» تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەچ، «يارلىغ»نى ئاڭلاپلا «بىمارلىغ يېتىپ» قاتتىق ئازابلانغان. بىراق «ئىسكەندەر»نىڭ قەھرىگە يولۇقۇشتىن ئەنسىرەپ «يارلىغ»قا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «يارلىغ» چۈشۈرۈش بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، قانداق يېزىش ۋە نېمىلەرنى يېزىش ھەققىدە توپتوغرا بىر ئاي «ۋەزخان»لىق قىلغان. بۇ ھەقتە «كىتاب»تا مۇنداق مەلۇمات بار:

«قىلىپ ئىپتىدا سۆزنى ئاي باشىدا...
دېبان ھەر كېچە بىر رىۋايەتنى،
قارا باشىدىن ئۆتكەن ھىكايەتنى...
ئەخىرىغە يەتكۈنچە ئول ماھنىڭ،
تەمام ئولدى ئەفسانەسى شاھنىڭ».
(«نىزارى داستانلىرى»، 34 -، 35 - بەتلەردىن).

دېمەك، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ رامىزان ئېيىنىڭ بېشى (1841 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى) دا ئۆزىنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىدىن گەپ باشلاپ، ھەر ئاخشىمى بىردىن ۋەقەنى سۆزلەپ، ئاي ئاخىرى، يەنى 1841 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ھېكايىسىنى تۈگەتكەن. مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات بېسىم ئاستىـــدا، قەپەسكە سولانغان يولۋاستەك بوغۇقۇپ كەتكەن ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ، نائىلاج قوللىرىغا قەلەم ئېلىشقان ھەم بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، «كىتاب»قا كىرگۈزۈلگۈسى قىسسەلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەم تېز، ھەم پاساھەتلىك يېزىپ پۈتتۈرۈشكە تىرىشقان. ھەتتا «نەسىر دەرياسىدىن جەۋھەر تېرىش» ئورنىغا

«نەزم دەرياسىدىن جەۋھەر تەرگەن». شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، «كىتاب» تا ئىجابىي تۇس بېرىپ قەلەمگە ئېلىنغان سەلبىي ۋەقە، خاراكتېر، ھادىسە... لەرنى ئۆزلىرى خالاپ ئەمەس، بەلكى «شاھ» نىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ قانچىلىك ۋىجدان ئازابى تارتقانلىقىنى كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، مۇنداقلا ئوقۇسا كىشىگە ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان؛ سۆزمۇ سۆز ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزىدىغان بولسا پۈتمەس - تۈگىمەس ھەسرەت - نادامەت، كىنايە... يوشۇرۇنغان بەزى مىسرالارنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قىستۇرۇپ قويغان. بۇ نۇقتا «زوھۇرىددىن» نىڭ «ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)» گە تەققاسلانغانلىقىدا ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق تەققاسلاش، قارىماققا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە كۆرسىتىلگەن يۈكسەك ھۆرمەتتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ زالىملىقى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىگە قىلىنغان ئاچچىق كىنايە - مەسخىرىدىن ئىبارەت. چۈنكى «ئىسكەندەر» دۇنيا تارىخىدا ئاجايىپ يۈكسەك ئورۇن تۇتقان بۈيۈك شەخس. ئەكسىچە، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئارانلا كاشغەرنىڭ ۋالىيسى. ئاشۇنچىلىك بىر شەخسنى ئىسكەندەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ماختاش - مەدھىيىلەش نىزارى بىلەن زىيائىدەك بۈيۈك زاتلارنىڭ ۋىجدانىغا تۈپتىن خىلاپ. ھەممىگە ئايانكى، قىسمەن قەسىيدىچى ئوردا شائىرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شائىر ئالدى بىلەن ۋىجدانىنىڭ قۇلى! شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ ھالدا قەلەم تەۋرىتىپ ۋىجدانىنى بۇلغىمايدۇ. نىزارى بىلەن زىيائىيمۇ دەل ئەنە شۇنداقلاردىن! بىراق، ھەر ئىككىسى ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز يۇرتىدىن ئاتمىش ئۆتەڭ (1500 كىلومېتىر) يىراقلىققا بېرىپ قالغان ھەم «ئىسكەندەر» نىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «يارلىغ» نى ئىجرا قىلمىسا، ئۆزلىرىنىڭ قەبرىسى لۈكچۈندە مۇساپىر بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، «غەم لەشكىرىنىڭ ئارىسىدا ئىغراپ» تۇرۇپ «كىتاب» نى پۈتكۈزگەن ۋە يۇقىرىدىكى مىسرالارغا يوشۇرۇنغان بەزى سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق «ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» قىلغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «كىتاب» نى كۆرگەندىن كېيىن بۇ نۇقتىنى سەزمىگەن. ھەتتا «ئەفرىدۇن ۋاڭ شائىر (لار) غا تون كىيگۈزۈپ ئوردىدا ھەشەمەتلىك ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شائىر (لار) غا ئاتاپ ياخشى ئات، سوۋغا - سالام، مۇلازىملارنى تەييارلاپ... قەشقەرگە يولغا سالىدۇ» («شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، 28 - بەتكە قاراڭ).

ئەگەر بىز نىزارى (پاكى زىيائىي) ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان يىلنامىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، ئەفرىدۇن ۋاڭ «ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن» چاغ 1836 - يىلى ئەمەس، 1842 - يىلى بولىدۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ زىيائىي بىلەن نىزارىنى كاشغەرگە يولغا سېلىپ توپتوغرا ئون يىلدىن كېيىن، يەنى «1852 - يىلى لۈكچۈننىڭ دېھقانسۇ دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ (يۇقىرىدىكى كىتابقا قاراڭ)».

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مىرزا زوھۇرىددىن: «دىۋان زوھۇرى»،
«نىزارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
لىيۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى».

موللامۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە».
موللامۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى».
شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر».
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى».
«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى.
ئۆمەر ئوسمان شىپائى: «ئىلىم ۋە ئالىم».
مۇھەممەتئىمىن قۇربانى (ئىشقى): «قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر».
سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات گۇرۇپپىسى: «قەشقەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» (بىرىنچى توپلام).
«قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» (بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى توپلام).
مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم: «قەشقەردە كۆتۈبخانىچىلىق» («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈچىنچى توپلام).
مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم: «ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 - يىل 1 - سان).
يۈسۈپ ئىلياس: «مىلادىيە ۋە ھىجرىيە كالىندارى ھەققىدە».
ئابدۇرېھىم ھاشىم: «قەشقەردىكى ‹كونا ئوردا شەھىرى› ۋە تاشقارقى شەھەر توغرىسىدا» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1986 - يىل 1 - سان).
ئابدۇرېھىم سابىت: «زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى قەشقەر» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1987 - يىل 4 - سان).
ئابدۇرېھىم سابىت: «قەشقەر شەھرىنىڭ تارىختىكى سېپىل، دەرۋازا قورۇلۇشى توغرىسىدا» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، 2003 - يىل 3 - سان).
ئاغزاكى مەلۇمات بەرگۈچىلەر:
ئوپال يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن: مۇھەممەتجان ئابدۇرېھىم.
«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن: مەترېھىم شەيخ.
ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ مەسئۇلى، ئارخېئولوگ ئابدۇرېھىم قادىر.

2002 - يىل 10 - ئاي، 2004 - يىل 5 - ئايلار.
كاشغەر كونشەھەر - يۇقارقى قاقۇللا

# گېگانت ئادەمنىڭ مەنىۋى ھەيكىلى

**ئۆچقۇنجان ئۆمەر**

(ئاتاقلىق ئۆلىما، داڭلىق تارىخچى، مۆتىۋەر شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 106 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىما، داڭلىق تارىخچى، مۆتىۋەر شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بۇ يىل 106 يىل توشتى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مىلادىيە 1900 - يىلى (ھىجرىيەنىڭ 1318 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر شەھىرى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە ئۇلتۇرۇشلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم قۇتلۇق شەۋقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى ئابدۇرەھىم بەگ ھاجى ئۆز زامانىسىدىكى قەشقەردە ئىلىم - مەرىپەتنى ياقلايدىغان، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىمانى پاكىز يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئىدى. ئىمىر ھۈسەيىن قازى 1900 - يىلىدىن 1907 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئائىلىسىدە چىقارغان. 1907 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىم كوچىلارنىڭ بىرى بولغان ئەنجان كوچىسىدا ئۇلتۇرۇشلۇق ناتاۋان خەلپىتىم، ناسىر ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق موللا - خەلپەتلەر ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان. 1914 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام قانۇنى، ھۆسنخەت، ھېساب، نۇتۇق قاتارلىق پەنلەر بويىچە مەخسۇس ئىلىم ئالغان. 1922 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە ئاراباغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ھەمدە بۇ جايدىكى مەشھۇر مۇددەرىس ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىم ئاچقان دىنى مەكتەپتە تارىخ، ئىلمى ئەخلاق، ئىلمى فىقھە پەنلىرىنى ئاساس قىلىپ 14 يىل بىلىم ئالغان، بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى مۇكەممەل ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى قىلىپ يېتىشتۈرگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن، 1933 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىگە قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ

قازىلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ دەۋا - دەستۇر، ئەرز - شىكايەتلىرىنى، مال - مۈلۈك، قانۇن - مىراسلىرىنى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئەدلىيە ئىشلىرىنى شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، پۇقرالارنى بۇزەك قىلغان خىيانەتچى، شەھۋەتخور، پارىخور ئەمەلدارلارنى، شەھەرنى بۇلۇشۇۋالغان مۇشتۇمزور قارا كۈچلەرنى جازالاپ، ئەھلى جامائەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. بۇ دەل شىنجاڭدا ئاپرىل ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن تارىخى مەزگىل بولۇپ، لېنىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ئاتۇش ئىكساق «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنى ئۈلگە قىلغان يېڭىچە پەننىي مائارىپ، ئاقارتىش قىزغىنلىقى، مەدەنىيەت قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بىر تۇركۇم ئىلغار زىيالىيلار يېڭىچە پەننى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، خەلقنى ئويغۇتۇپ، فېئودال - خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئەينى يىللاردىكى قەشقەر ئۆلىما - زىيالىيلىرى ئىچىدە، «يېڭىلىق تەرەپدارلىرى» دەپ ئاتالغانلار قاتارىدا بىر كىشىلىك ئورۇن ئالغان بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىسىنى قەدەممۇ قەدەم بېيىتىدۇ، شەھەر ئىچىدە يېڭى مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش، يېتىم - يېسىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش، كەمبەغەللىكتىن مېيىتىنى ئۆزىتالماي زار - زار قاقشاپ يۈرگەن «غېرىپ كېپەن» لەرگە ئىئانە توپلاش قاتارلىق ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلىدۇ. 1934 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى بولغان، ئاتىسى قۇتلۇق شەۋقى ئۇل سالغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ خىزمەت - پائالىيەتلىرىگە ياردەملىشىدۇ. بۇ گېزىت ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، دۇنيا ئىنقىلابىغا بولغان تەسىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، پەن - مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، دۇنيادىكى مىللىي مۇستەقىللىق، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ غەلىبىسى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان بولۇپ، گېزىتنىڭ تىراژى 30 مىڭ نۇسخىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر سەھنىسى بولغان بۇ گېزىتتە قەشقەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرلا بېسىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا دائىر خەۋەرلەر، خەلقنىڭ يەرلىك بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرى، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە بىلدۈرگەن ئەرز - شىكايەت سادالىرى، شۇنىڭدەك ئىراندا نەشر قىلىنىغان «تېھران گېزىتى»، ئافغانىستاندا نەشر قىلىنىغان «ئامان ئەفغان» ژۇرنىلى، ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «قىزىل ئۆزبېكىستان» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرجىمە قىلىنىغان خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرى، سانائەت، پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن يېڭى خەۋەر، ماقالىلار بېسىلىپ تۇراتتى. قەشقەردىكى ئاتاقلىق تەزكىرەشۇناس، ئەدىپ مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ تارىخ پۈتۈكلىرىدىن بىلىشىمىزچە، ئەينى يىللاردا قەشقەردە «تەرجىمانى ھەقىقەت» ناملىق يەنە بىر خىل گېزىتمۇ چىققان. بۇ گېزىت

ئاساسەن خەلقئارادىكى مۇھىم ئىشلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، كەڭ جامائەت ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. 30 نەچچە ياشلىق زىيالىي ئىمىر ھۈسەيىن قازى شۇ مەزگىللەردە دادىسىغا ياردەملىشىپ، ئەنە شۇ گېزىت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان ئىكەن. قەشقەر - ئاتۇشلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئازادلىق - ئەركىنلىك، تىنچلىق - دېموكراتىيە، مائارىپ - ئاقارتىش - تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخى ئېقىم لەڭ ئۇرۇپ دولقۇنلاۋاتقان ئەنە شۇ پەيتتە، ھەققانىيەتتىن قورققان شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى 1937 - يىلى ئىمىر ھۈسەيىن قازىنى دادىسى بىلەن بىللە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇ ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ نادانلىق، جاھالەتكە قارشى كۈرەش يولىدا تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىنىشى ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن ھەم ئازابلىق ھەم ھۆرلۈك خۇشاللىقى بولدى. بۇ ئىش ياۋۇز دۈشمەن كۆچلەرنىڭ ئەركىنلىكتىن قورقىدىغان ئەجەللىك ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ۋەتەن، مىللەتنى قەلبىگە چىڭ پۈككەن ئىمىر ھۈسەيىن قازى شىڭ شىسەي دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلىرىدىن قورقۇپ كەتمەي، تۈرمىدە باشتىن - ئاخىر تەمكىن تۇرۇپ، سوراق - سوئاللارغا پىشقان ناتىق كەبى پوزىتسىيە بىلدۈردى، ئېزىلگەن مىللەت ۋە ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئاھ - زارىنى بايان قىلىپ، زۇلۇم ئېغىرلاشقانسېرى ھەققانىيەتنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى. نەتىجىدە 1937 - يىلى 10 - ئايلاردا دادىسى قۇتلۇق شەۋقى تۈرمىدە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. مەھبۇسلارنى قاقتا - سوقتا قىلىش ھېسابىغا يانچۇق پومپايتىدىغان تۈرمە ساقچىلىرى 500 سەر كۈمۈش تەڭگە تۆلىتىۋېلىش كېپىللىكى بىلەن، ئاخىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ 1940 - يىلى 11 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتى. بىراق، ئۇ ئەكسىيەتچى دائىرىلەرگە، مۇشتۇمزورلارغا بولغان قارشىلىق، نارازىلىقىنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى. پۇرسەت بولسىلا چىرىك ھاكىمىيەتنى ئەيىبلەپ كەلدى. 1946 - يىلى 6 - ئايلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىدۇ. بىرلەشمە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن گېنېرال جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار خەلقچىللىق، دېموكراتىيىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ، قەشقەردىكى ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچى - خانىملار، زىيالىيلار ۋە كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە غەزەپ بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، زور كۆلەمدە ئاممىۋي نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. تالانت ۋە قابىلىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئەركىنلىك، يېڭى ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتكە بولغان ئۈمىد ئىچىدە ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەردىكى ئامما بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، نامايىشقا قىزغىن قاتنىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە پەننى جەھەتتىكى قابىلىيەت - ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، تارىخى بىلىملىرىنىڭ مول‌لىقى، نۇتۇق قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدەك ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئاقساقاللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ داچىسىغا بېرىپ، سۆھبەتكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشىدۇ. سۆھبەتتە ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قەشقەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى - زىيالىيلارغا، پەننى مەكتەپلەردىكى ئىلغار

مۇدىر، مائارىپچى خادىملارغا، خەلق سەنئەتكارلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكى ئۈستىدىن غەزەپلىك شىكايەت قىلىپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى تەسىرلەندۈردى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنى خەلققە يول قويۇشقا قىستايدۇ. بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلانغان قەشقەردىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار جاڭ جىجۇڭ كېتىشى بىلەنلا ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ مەھكىمە شەرئى مۆھۈرىنى تارتىۋېلىپ، قازىلىق مەنسىپىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭدىكى ئىككى تەرەپ تۈزگەن 11 ماددىلىق بېتىمنىڭ بۇزۇلىشىغا ماسلىشىپ، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمغا تۆھمەت چاپلاپ «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىغا يان بېسىپ گەپ قىلغان» دېگەن باھانە سەۋەب بىلەن گۇناھ ئارتىپ 2 - قېتىم قولغا ئالىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ياتقان مەزگىلدە، كۆپ قېتىم سوراق - سوئال قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆز ئەقىدىسىدىن يانماي، ئۇلار بىلەن قاتتىق زاكۇنلىشىپ، شېئىر - نەزمىلىرى ۋە جاراڭلىق نۇتۇقلىرى ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتقانلىقىنى، ئېزىلگەن يېتىم - يوقسۇللار چوقۇم يورۇقلۇققا ئېرىشىدىغانلىقىنى خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئۆلىما ئىسيانكارغا تەڭ كېلەلمىگەن ھەربىي دائىرىلەر بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇنى تۈرمىدىن يەنە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىن قازى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قەشقەردىكى بىر قىسىم ئىلغار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئۆلىمالار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ قوللىشى، كەڭ زىيالىيلار ۋە كەڭ پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقىغا قايتىدىن ئېرىشىپ، تاكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللارغىچە قەشقەرنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىدە ئىشلەيدۇ. دېموكراتىك ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن، شەرت - شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، فېئوداللىق قانۇن - تۈزۈم ۋە كونا مەمۇرىي ئاپپاراتلار بىكار قىلىنىپ، قەشقەر قازىخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ (ئەينى يىللاردا ھازىرقى قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىگە قارايتتى، قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسى كېيىن ئايرىم - ئايرىم ئورۇن بولۇپ ئايرىلغان). بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ.

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئۆمۈر يولى، تۆھپە سەۋەنلىكلىرى پەرقلەندۈرۈلمەي، دىنى سىياسەتلەر ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي، ئۇنىڭغا «زومىگەر ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، سىياسىي ھوقۇقى، ئەركىنلىكى تارتىۋېلىنىپ، بىر مەزگىل كۆپ رىيازەت چەككەن. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى سۈپىتىدە قايتىدىن ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، يەرلىكنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزەپ چىقىشتىكى ئاكتىپ مەسلىھەتچىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئازادلىقتىن كېيىن، ئاساسەن ئائىلە ئىشلىرى ۋە يېنىك تۈردىكى قول سانائەت ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئەۋزەل ئائىلە شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتىسىدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلارنى ئىزدەش، قېزىش، رەتلەش، تولۇقلاش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 10 يىلغا

سوزۇلغان بالايىئاپەتلىك ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە يەنە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى بېشىنى كەچۈردى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بېشىدىلا «تارىخى ئەكسىلئىنقىلابچى»، «نەخ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن ھاياتىدا 3 - قېتىم قولغا ئېلىنىپ، 14 يىللىق ئۆمرى تۈرمە - سوراقخانىلاردا ئۆتتى. ئۇ شېئىرلىرىدا بايان قىلغاندەك بۇ ئۇزۇن جەرياندا بارلىق دەرد - ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈردى. . . پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇم يىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى ئاقلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەتنىڭ قايتىدىن ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، ئاپتونوم رايوندا، قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك ئىلمىي، سىياسىي، دىنى، جامائەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ داڭلىق ئىسلام ئەربابى ھەج - تاۋاپ قىلىشقا سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندا، 50 گىرادۇستىن يۇقىرى ئىسسىقلىق تۈپەيلىدىن، كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1985 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەختكە قارشى مەككە مەدىنىدىكى بىر دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان دىيارىغا دەپنە قىلىندى.

ئۇنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەبەدىلئەبەت ساقلىنىدۇ.

2

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆمۈر ھاياتىدا قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە تەپسىرشۇناسلىق، ئىلمىي بالاغەت، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام بىناكارلىقى، ئىلمىي كالام قاتارلىق پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كېيىنچە يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك بىلىملەرنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. بۇلار ئىچىدە ئەدەبىياتقا ناھايىتى كۈچلۈك ھەۋەس قىلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1930 - يىللاردا باشلانغان. ئۇ دادىسىدىن ئەدەبىياتقا دائىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ ھاياتىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان بولۇپ، تېمىسى ھەر خىل، تىلى ئۆتكۈر ۋە ئاممىباپ، شەكلى ئۆزگىچە ئىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەل - يۇرتنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن پومېشچىك، شاڭيو، سوپى - ئىشانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، نەپسانىيەتچىلىكى، تەمەخورلۇقى، چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچى - پارىخورلۇقى پاش قىلىنغان؛ خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە جاھالەت ئاستىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان جەبرى - زۇلۇملىرى ۋە ئاھۇ - پەريادى، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بايان قىلىنىپ، يېتىم - يوقسۇل، كەمبەغەللەرگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىنغان؛ خەلقنى تەڭسىز كونا جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شەكلى ئاساسەن ئەنئەنىۋى، كلاسسىك شەكىللەردە،

مەزمۇنى مائارىپنى، ئاقارتىشنى، مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تەرغىپ قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. نادانلىق، جاھىللىق، خۇراپاتلىقنى ئەيىبلەش، ئىلىم - مەرىپەت، يېڭىلىقنى ئۇلۇغلاش ئۇنىڭ شېئىرى ئەسەرلىرىنىڭ يادروسىدۇر.

ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم ئۇيغۇرنىڭ شائىرى، تەگرىتاغنىڭ ئوغلى، ۋەتىنىنىڭ تۇزىماس گۈل - چېچىكى. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ۋەتەنگە، ئۆز يۇرتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، سۆيگۈ بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزۇن يىللار بۇرۇختۇم بولۇپ پىشىپ تاۋلانغان خەلقپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئەقىدىسى ۋە ئىمانى پاكلىقلىق بىلەن مەھكەم گىرەلەشكەن. مەسىلەن، شائىر مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدىكى شېئىرىدا تۆۋەندىكىچە يازغان:

دىيارى كاشغەردە بىر ئۇلۇغ پەيزى مازارىم بار،
بۇيۇك «دىۋانۇ لۇغات» يازغان مۇئەللىپ، ھەق يازارىم بار.
ئۆزى ئەۋلادى تۇرك نەسلى، ئىلىم ئەربابى، سۇلتانى،
ئۇلۇغ ئالىم ئاتامىزدەك جاھاندا نامۇدارىم بار.

قەدىم مىللەتنىڭ دەناسى، كىتابى ھەقنىڭ داۋاسى،
ئەدىب، ئىلىم مۇئەللاسى، مۇسەننىپ تاجۇدارىم بار.
ئوقۇپ كۆرسەم كىتابىنى، بۇيۇك مەنا، خىتابىنى،
ئېسىل زۇمرەت، گۆھەر يەڭلىغ، كۆزۈمگە تۇتىيارىم بار.

شائىر ۋەتەننى سۆيگەندە، بۇ دىيارنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇپرىقى، ھەربىر تاغۇ - تېشى، كۆل - دەرياسى، گۈل - گىياھىنى سۆيۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ ھەربىر قەھرىمان پەرزەنتلىرىدىن تارتىپ ۋەتەنىنىڭ ھەربىر ئالىم، مۇتەپپەككۇرىنى، ھەربىر جەڭچى، كوماندىرىنى، ھەربىر دېھقان، ھۇنەرۋەن - كاسىپ، يېتىم - يېسىر باللىرىغىچە قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن ئۆزىگە ئاق سۈت، تۇز - تائام بېرىپ قاتارغا قوشقان زېمىننى سۆيۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت پارلاق ئىدىيە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. «قەدىم مىللەتنىڭ دەناسى» نامىغا ئېرىشكەن مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركي تىللار دىۋانى» كىتابى ھەققىدە يېزىلغان يۇقىرىقى شېئىرلاردىكى پىكىرلار بۇنىڭ دەلىلى.

شائىر ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىمنىڭ بارماق ۋەزىن ۋە مەسنەۋىي، غەزەل، مۇخەممەس قاتارلىق ئارۇز ۋەزىن شەكىللىرىدە يازغان چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرىنى ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن زور مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئىدى. قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق ئەدىبلەردىن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم، قۇربان ئىمىن، نۇرمۇھەممەت ئېركى، مۇھەممەتئىمىن قۇربانى، ھامىت مەھمۇدى قاتارلىقلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قۇرداش بولۇپ، نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى ھېلىغىچە يادىمىزدا تۇرۇپتۇ. شائىرنىڭ يەنە ئىشق - مۇھەببەت سەۋداسى، مۇھەببەتتىكى پاك، ۋاپادارلىق تۇيغۇلىرى، دوست -

بۇرادەرلىك پەزىلىتى قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا تېخىمۇ يېقىملىق ھېس قىلىمىز. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتىدىن باشقا، مۇھىمى ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تۈرلۈك قىسمەتلىرىدىن قارىغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھاياتنىڭ ئۆزى مۇھەببەت، نەپرەت، ئازاب ـ كۈلپەت، ئىلھام، قايغۇ ۋە خام ـ خىياللار بىلەن شائىرلارنىڭ قەلەمكەشلىك تەبىئىتىنى بېيىتقان. ئۇلارغا جەمئىيەتتىن ھېس قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شېئىرىيەت شەكلى ئارقىلىق بايان قىلغۇزۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغان ياكى ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار قىلغان. بۇ دەل ئەسلىدە رەھىمسىز، ئەجەللىك بەدەل بولۇپ، ھەرگىز شائىرلارنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە شەخسى ئىرادىسى بويىچە بولمايدۇ. مۆتىۋەر شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئەنە شۇ شائىرلىق ئورنى ئۈچۈن ئايانماي بەدەل تۆلىگەن شائىرلىرىمىزنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ نوپۇزى ئەمەلىيەتنىڭ، تارىخنىڭ تاسقاشلىرىدىن كەلگەن. شۇڭا، ھەتتا بورھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، مەتتىمىن ئىمىنوف، ئىسمائىل ئەھمەت، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق سىياسىي ئەربابلار، رەھبەرلەر ۋە ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ھاجى نورھاجى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت پېشىۋالىرى خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا ئېرىشكەن بۇ ئاقساقال شائىرنى ھۆرمەتلەپ، ھەر قېتىم قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ بېرىپ، قىزغىن سۆھبەتلەردە بولغانلىقى ھەرگىز بىكار ئەمەس ئىدى.

شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر داستانچىلىقى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر يەر ـ جاي ناملىرى تەزكىرىچىلىكى بىلەنمۇ قىزغىن شۇغۇللانغان. ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كىتابلارنى كۆرۈشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىغان. ئۇ قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر (توققۇزاق)، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە يۈرگەن مەزگىللىرىدە، ئاۋام خەلقىنىڭ توي ـ مەرىكە، نەزىر ـ چىراغ، قۇرئان خەتمە، مەۋلۇت قاتارلىق مۇراسىملاردا، ئاۋام پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە فولكلورغا ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەك، لەتىپىلەرنى، جايلارغا پۈتۈلگەن تۈرلۈك تەزكىرىلەرنى پائال توپلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ۋەقىئە مەنبەئى قىلغان. مۇشۇ ئاساستا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى يامانيار يېزىسىنىڭ سۇبھانئاللا كەنتىدە يۈز بەرگەن مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنى، ئاتۇش مەشھەتتىكى شاۋاز قارى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «گۈلخۇمار» داستانىنى، خوتەن قارىقاشتا يۈز بەرگەن قەمەرسىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى بايان قىلىنغان «قەمەرسىما» داستانىنى، كورلا باش ئەگىمدە يۈز بەرگەن، خەلق ئارىسىدا «تاھىر ـ زۆھرا» نامى بىلەن داڭق چىقارغان مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر» داستانىنى، يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزىسىدىكى نۇرئەبىز خېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇرئەبىز خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» ناملىق

جەمئىي 20 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان بەش خەلق داستانىنى قايتىدىن تولۇقلاپ ئىجادىي يېزىپ چىققان. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان نەسىر ۋە نەزم ئارىلاش شەكىللەردە يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن، ئەينى يىللاردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى ماتىتەيىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى پاش قىلىنغان «قەشقەردىكى ماتىتەيىنىڭ بەدخالىقى»، «پەيزىۋاتلىق توختى مانجۇ ۋەقەسى» (تارىخىي داستان)، «غالچا بەدەخشى سىرتقى بۇلاڭچى» (بۇ تارىخىي داستان بولۇپ، كانجۇتلۇقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ۋە سىڭىپ كىرىشى بايان قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ بۇ بىر تۈركۈم تارىخىي داستان، تارىخىي شېئىرلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا تامامەن كۆيدۈرۈپ تۈگىتىلگەن. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالى ئىمىنوف ھامىت، قاسىمجان قەمبىرى، مامۇتوف قۇربان، ئەيسا شاكىرلارنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدىكى مەرھۇم مۇھەممەتزۇنۇن سىدىق، تەتقىقاتچى ئابدۇرەھىم سابىت قاتارلىقلارنىڭ ئالىم ھايات ۋاقتىدا لېنتىغا ئېلىپ خاتىرىلىشى بىلەن قايتا رەتلەنگەن ھەمدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن «سامان يولى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا ئېلان قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تارىخ ساھەسىگىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرگەن. ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ ساھەسىدە نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاتىسى يېزىپ تېخى تاماملىيالمىغان تەۋەررۇك كىتاب «ۋەقەئىيى كاشغەر» نىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، قايتا تولۇقلاش، رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 600 بەت كېلىدىغان، ئۈچ چوڭ جىلد (ئۈچ قىسىم)، 105 چوڭ ماۋزۇدىن تەشكىل تاپقان بۇ يىرىك تارىخى كىتابتا شائىر تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەريانىدا، شىنجاڭ ۋە قەشقەر رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق ۋە ھاكىمىيەتلەر، ئابدۇرەشىتخان ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخى، ئافاق خوجىنىڭ تارىخى، شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن زور سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە، دۆلەت چېگرىسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى زور ئۆزگىرىشلەر، ئاتاقلىق شەخسلەر، يەر - جاي ئىسىملىرى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى، مەسچىت - مەدرىسەلەر، دەريا - كۆل، ئۆستەڭلەرنىڭ بىنا بولۇش جەريانى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي، ئېنىق، ئوبيېكتىپ بايان قىلىنغان. بۇ كىتابلاردا يەنە ئىپارخان، نۇزۇگۇم، سىيىت نوچى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرغاندا،

تەسۋىر، سۈپەتلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئوبرازىنى خەلق رازى بولغۇدەك دەرىجىدە سۈرەتلەپ بەرگەن. بەزى داستان، رىۋايەتلەرگە قارىتا ئۆز كۆزقاراش، ھېسسىياتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تارىخ نۇقتىسىدىن يەكۈنلەپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى تەپسىلىي شەرھلەپ، تارىخ ـ مەدەنىيەت قامۇسىمىزنى بىرقەدەر ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن تولۇقلىغانىدى. بۇ قولىيازما كىتابلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ئەنگە ئېلىنىپ ساقلانماقتا.

3

تارىخشۇناس ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇشقا دائىر خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە تۆھپە ياراتتى. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەر 152 يىل ساقلاپ كەلگەن، قەشقەردە ئۆتكەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم (مۇھەممەت سادىق كاشغەرى) تەرىپىدىن ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان تارىخىي تەۋلىيە خەتنى تېپىپ چىقىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مىللەتنى جاھاندا تەڭداشسىز زور خۇشاللىقتىن بەھرىمەن قىلدى.

«قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 3 ـ بېتىدىكى «ئۇلۇغ ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا» ناملىق ئۆچېركتە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوپالنىڭ ئازىغ كەنتىدىن ئىكەنلىكى، «ھەزرىتى موللام مازىرى»نىڭ مەزكۇر ئالىمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان. بۇ ئۆچېركتە «نورۇز بۇلاق» تۇۋىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاممىۋي خاراكتېرلىك تەبرىكلەش پائالىيىتىدىكى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ھەققىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۇ ئارقىدىن ئۆزى ساقلىغان، دادىسى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىدىن مىراس قالغان ‹مەسنىۋىي شەرىف›، ئىچىگە مەزكۇر مازارنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازىرى دەپ ئېنىق ئاتاپ، ئۇنىڭغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتنىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە شۇ مەيداندىلا تەقدىم قىلدى. بۇ چاغدا يولداش ئىبراھىم مۇتىئى قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە ھۆججەتنى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تاپشۇرىۋالدى ۋە ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمغا بىر تونلۇق رەخت، 300 يۈەن خەلق پۇلى ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پېشقەدەم ئۆلىما ۋە زىيالىيلاردىن قاسىم قارى ئاخۇنۇم، باۋۇدۇن قارىم، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم قاتارلىق يەتتە كىشىمۇ تونلۇق رەخت بىلەن مۇكاپاتلاندى» دېيىلگەن، (بۇ ئىشقا دائىر تارىخىي پاكىتلار يەنە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) بۇ تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ مەھمۇد كاشغەرىنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ۋەياكى

ئۇنىڭ: «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ۋە مەقبەرىسىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلگەنلىكى — ئەۋلادى مىللەتنىڭ پەخرىمىز. ۋەتىنىمىز ئۈچۈنمۇ سائادەتلىك ئىش» دېگەن جاراڭلىق نوتۇقلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، بۇ ئالىمغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز تارىم دەرياسىدەك دولقۇنلاپ مەڭگۈ جۇش ئۇرىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە 80 ـ يىللاردا ئۇلۇغ مۇتەپپەككۇر، شائىر، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان «قەلىمى قۇرئان»، «بەھرۇل ئەنساپ» قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ تېپىپ كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە ئىلىم تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ئورۇن ـ جايى، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى، مەقبەرىسىنىڭ نۇسخا ـ لايىھىسى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ھەجىم ـ كۆلىمى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ بېكىتىشتە زور خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئاتاقلىق ئۆلىما، داڭلىق تارىخچى، مۇتەپەككۇر شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە مىللىتىمىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام مائارىپى قاتارلىق ساھەلەردە باشقىلار قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ناھايىتى زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. شان ـ شەرەپ، تۆھپە ـ نۇسرەتلىرى ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مەنىۋى ھەيكەل تىكلىدى. بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول بىلىم، پاكىز ئىمان، يۈكسەك ئابرۇي ـ نوپۇزغا ئىگە بۇ قەدىردان ئالىمى بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز!

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى»، 1 ـ 2 ـ قىسىم، 1990 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى

2. بورھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى

3. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن) 4 ـ قىسىم، 1988 ـ يىلى نەشرى

4. شاۋخېي: «شېئىرىيەتنىڭ مىللىيلىكى ۋە مىللىي روھ»، خەنزۇچە، 2000 ـ يىلى نەشرى

5. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋ. غوپۇر تۈزگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى

6. «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

7. «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى


(ئاپتور: «قەشقەر» ژۇرنىلىدا)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى چىن، ماچىن ۋە تاۋغاچ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە①

## غالىپ بارات ئەرك

ئەمدى تابغاچ نامىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقتە قاراشلار ھەرخىل بولۇپ، كۆپى پەرەزلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. تۆۋەندە ئۇلاردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى.

بىرىنچىسى 大汉؛ ئىككىنچىسى 大汗؛ ئۈچىنچىسى 唐家؛ تۆتىنچىسى 大家 سۆزلىرىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشلار. بۇ قاراشلار پەقەت «تابغاچ ياكى تاۋغاچ» سۆزىنىڭ خەنزۇچىدىكى تەلەپپۇز تەڭدىشىنى تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. بىز بۇ ھەقتىكى ئەنە شۇ خىل ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىگە رەھمەتلەر ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۆز مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. «تابغاچ» نامى ئالدى بىلەن تۈركىي تىلدا پەيدا بولغان بولۇپ ھېچ بىر يازمىدا ئۇنىڭ 拓跋 دىن ئۆزگە تەڭدىشى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئەلۋەتتە سىڭغۇسەلى تونۇتقا ئوخشاش ئالىملارنىڭ خەنزۇ تىلىنى نېمە ئۈچۈن تاۋغاچ تىلى دەپ ئاتىغىنىنى يۇقىرىدا ئالىملار چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. مىسال قىلساق ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ نامى 大唐 نى بىۋاستە تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىپ «تاتو» دېگەندىن باشقا تابغاچ دەپمۇ ئالغان. ئۇنداقتا تاۋغاچنىڭ تەڭدىشى زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن تابغاچ ياكى تاۋغاچ جۇڭگو نامىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى تەڭدىشى، توغرىراقى ئاتالمىسى بولۇپ قالدۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا تابغاچ نامىنىڭ تۈركىي قەبىلە توۋالارنىڭ نامىدىن ئۆزگە تەڭدىشى تېپىلگىنى يوق، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەمەس 6 ـ ~ 7 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تۈركىي تىلىيادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىشى بۇ ئاتالغۇنىڭ تۈركىي تىلدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە پەرەز قىلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئاتالغۇنىڭ يىلتىزى تاغ مەنىسىدىكى تاۋدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تاۋغاچخان نامىغا بەرگەن ئىزاھى «مەملىكىتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» بىلەن يېقىنلىشىدۇ. چۈنكى قەدىمدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك جىسىملارنى تەڭرى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ خاقانلىرىنى ئەنە شۇلارغا ئوخشىتىپ ئىززەتلىگىنىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. تۈركىيلىك ئالىم رىشات گەنجىنىڭ «مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن» نى تابغاچخان ئاتالمىسىنىڭ

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

تەڭداش تەرجىمىسى دېگىنىمىز توغرا بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئاتالغۇنى مۇنداقلا چۈشەنسەك «شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاھى» دېگەنلىك بولىدۇ، «سىن» ئەرەبچە بولۇپ تىلىمىزغا پارسچىدىن «چىن» بولۇپ ئۆزلەشكەن.

لى جىنشىن ئەپەندى «شىنجاڭ ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «… قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ناسىر توغانخان باغدات خەلىپىلىكىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى، پۇللىرىغا ئابباس خەلىپىسىنىڭ نامىنى ئويدۇردى. ناسىر توغانخان ئابباس خەلىپىلىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان تۇنجى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانىدۇر. ئۇ ئەلى ئارسلانخان (خوتەن ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان) نىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ۋارىسىدۇر، كاشغەردە تۇرغان بولۇپ قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانىدۇر … 1013 ـ يىلىدىن باشلاپ ياركەندتە قويۇلغان قاراخانىيلار پۇللىرىدىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرخاننىڭمۇ ئۆزىنىڭ ،مەلىكۇل مەشرىق، دېگەن ئۇنۋانى بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، باغدات خەلىپىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە ئۇنۋان بېرىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ شەرەپ ناملىرىنى پۇللارغا ئويدۇردى»①. مانا بۇلاردىن بىز خاقانىيە خاقانلىرىنىڭ ئۇنۋانىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالايمىز.

تارىخ بۇ ھەقتە يېتەرلىك جاۋاب ھازىرلىغان، بىز ئالدى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ تابغاچ نامىنى تۈركىي قەبىلە توغبات ~ توۋالاردىن كېلىپ چىققان، دېگەن قارىشىنى ئېتىراپ قىلىمىز، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىز يۇقىرىدا كۆرگەن بايانى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ «تاۋغاچ ئېلى مەرچى ئاتلىق يىراق تۈرك تۈرگەش يېرى» دېگىنىمۇ بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر. ئالىملار تابغاچلارنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋردە تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ھەتتا تاڭ سۇلالىسى زېمىنىنى «تۈرك ـ تۈرگەش يېرى» دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش، جۇڭگونى توغرىراغىنى ئېيتقاندا شىمالىي جۇڭگو رايونىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنى، دەپ قارايدۇ. مەن «مېھرى ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامستو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن تابغاچنى تۈرك ـ تۈرگەشلەر يېرى دېگەن جۈملىلەرنى تاپالمىدىم، ئەمەلىيەتتە بۇلار تامامەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ باشلىق تۈرك ـ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى بولۇپ، ئالىم ئەسەرنى ئىجادىي رەۋىشتە تەرجىمە قىلغاندا، بۇ جۈملىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، خالاس. ئىككىنچىدىن، بىز دەۋاتقان تابغاچلار، يەنى 拓跋 لار (تۈركىي خەلق ـ توۋالارنىڭ ئەجداتلىرى) ھەم تۈركىي خەلق ئىدى. ئۇلار خۇددى رېنې. گوسسېت ئېيتقاندەك «شىمالىي جۇڭگودا بىر قەدەر ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان» كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئىدى، ئۇلار ئەسلىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ

---

① لى جىنشىن: «شىنجاڭ ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دىنىي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 34 ـ بەت.

بىر قىسمى بولۇپ شەرقىي ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان. مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ شەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە مىلادىيە 386 ـ يىلى تابغاچلار ھاكىمىيەت قۇرۇپ دۆلەت نامىنى ۋېي سۇلالىسى دەپ ئاتىغان، بۇ سۇلالە ئېلىمىزنىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىن خۇاڭخېنىڭ شىمالىغىچە بولغان رايونلارنى ئىدارە قىلغان. 439 ـ يىلى شىمالىي جۇڭگو رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. بۇ سۇلالە گەرچە 534 ـ يىلى ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ شەرقىي ۋېي (534 ـ 550) ھەم غەربىي ۋېي (535 ـ 556) ناملىرىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. تابغاچلار ئاز كەم ئىككى ئەسىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ھەتتا تارىم ۋادىسىغىچە كېڭەيگەن، ئۇلار شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن تۈرك، ھۇن، موڭغۇل، توڭغۇسلارغا ئىنتايىن زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگىمۇ ئاز بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. جۈملىدىن ھاكىمىيەتچىلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تەسىرلەر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بۇددا دىنىغا راۋاج بەردى. تابغاچلارنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەرمۇ ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان قەبىلىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تونۇپ، شىمالىي جۇڭگو رايونىنى ئۇلارنىڭ زېمىنى، دەپ ئېتىراپ قىلىپ تاۋغاچ ئېلى دەپ ئاتىدى. ئەلۋەتتە ئاردىن يېرىم ئەسىرلەر ئۆتۈپ قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907) دىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسىرى خېلى زور ئىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىدا تۈركىي خەلقلەر ئۆز رولىنى نامايەن قىلغان. ئۆڭلۈك ۋە سۆيگۈنلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىشى ۋە تاڭ پادىشاھلىرىنى ئۆز قىزلىرىنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىشلىرى، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «Tavɣaq تاۋغاچ. تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ‹تاۋغاچ› چىنلىق دېمەكتۇر» دېگەن بايانلىرى بىلەن «tat tavɣaq بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا ‹تات› سۆزى ‹پارس› دېگەن مەنىدە، ‹تاۋغاچ› سۆزى ‹تۈرك› دېگەن مەنىدە كەلگەن. مېنىڭچە مەن بەرگەن تەبىر توغرىراقتۇر. ئىسلام ئەللىرىدە مەشھۇر بولغان چۈشەنچە مۇشۇنداق» دېگەنلىكى ھەم سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تاڭ سۇلالىسىنى «تابغاچ» تۈرك ـ تۈرگەش يېرى دېگەنلىكى، مەيلى مۇسۇلمان دۇنياسىدا بولسۇن ياكى بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن ئوخشاشلا تابغاچنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى، ھەتتا شىمالىي جۇڭگو رايونىنى تۈركلەرنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى، دەپ تونۇيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

بەزى ئاپتورلار تابغاچ نامىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا غەرب مەنبەلىرىدە بۇ نامنىڭ زاھىر بولۇشى بۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تابغاچ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە

بولسا 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى 1227 ـ يىلى چاڭچۈن قېنىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ يارلىقى بىلەن سوغدىيانىغا ماڭغىنىدا، ئۇنى قارشى ئالغىلى چىققان ئالمىلىقنىڭ مۇسۇلمان ھۆكۈمدارى ئالمىلىق شەھىرىدە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك سوغا (ساپال چىلەك) سىنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن «تاۋغاچلار ھۈنەرۋەن [桃花石诸事皆巧]» دېگەن ۋاقىتتا تۇنجى قېتىم خەنزۇچە مەنبەلەردە ئوتتۇرىغا چىققان. ئاپتور بۇ يەردە «تاۋغاچلار خەنزۇلاردۇر ـ 桃花石汉人也» دېگەن ئىزاھاتنى بەرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ نام پەيدا بولۇپ 700 يىللار كېيىنكى دەۋرنىڭ خاتىرىسى، يەنە كېلىپ بۇ ئاتالغۇ قوللىنىشتىن قالغان ۋاقىتلاردىكى خاتىرىسىدىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تابغاچ ~ تاۋغاچ ئاتالغان تۈركىي خەلقنىڭ باشقا خەلقلەر، جۈملىدىن تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى تەسىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇلار تابغاچلارنى شىمالىي جۇڭگونىڭ ئىگىلىرى دەپ تونۇغان ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىنى تاۋغاچلارنىڭ نامى بىلەن تابغاچ ئېلى دەپ ئاتىغان، بۇ خىل قاراش تاڭ سۇلالىسى تىكلەنگەن ۋاقىتلاردىمۇ داۋام قىلغانلىقتىن، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تابغاچنى «تۈرك ـ تۈرگەش يېرى» دەپ ئاتىغان. بىز يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تاۋغاچ نامىنى 拓跋 نىڭ ئەسلى يېلتىزى دەپ قارايمىز. 拓跋 بولسا تابغاچنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

تاۋغاچ، تاۋغاچخان ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار. تاۋغاچخان ئاتالغۇسىنى ئالدىغان بولسا تۈركىيلىك دوكتۇر رىشات گەنچ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىدە: «يەنە شۇ چاغدىكى ئۇنۋانلار ئىچىدىكى ‹تاۋغاچ› دېگەن ئۇنۋانغا كەلسەك بۇ ھەققىتەمۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نى يازغان دەۋردە ‹تاۋغاچ› سۆزى ھەم ‹ماچىن› نىڭ جۇغراپىيىلىك ئاتىلىشى بولۇپ قوللىنىلاتتى ھەمدە تۈركىي خەلقلەردە ‹ماچىنلىق› ۋە كەڭ مەنىدىكى ‹چىنلىق› دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆكۈمدارلارغا ‹تاۋغاچخان› ئۇنۋانىمۇ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ‹دۆلىتى بۈيۈك ۋە قەدىمىي›، (مۈلكى ئەزىم ۋە قەدىم) دېگەنلىك بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرىگە قاراپ قاراخانىيلارنىڭ ھەم سەلتەنەتلىرىنىڭ كونىلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ھەمدە ئۆزلىرىنى چىننىڭ (شۈبھىسىزكى بارخان دەپ ئاتالغان ۋە چېگرىسىنىمۇ قەشقەر ئەتراپى دەپ بېكىتكەن تۆۋەنكى چىن) ھاكىملىرى دەپ چۈشەنگەنلىكى خۇلاسىسىنى چىقىرىش مۇمكىن. ئۇلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك ‹مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن› ئۇنۋانىنىمۇ قوللانغان بولۇپ، پىكرىمىزچە بۇ ئۇنۋان ‹تاۋغاچخان› ئۇنۋانىنىڭ ئەرەبچىگە قىلىنغان تەرجىمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى شەرقنىڭ ۋە چىننىڭ ھاكىملىرى دەپ ھېسابلىغانلىقلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى»[1] دەيدۇ. ئالىمنىڭ بۇ بايانلىرى بىلەن ئېلىمىز تارىخشۇناسى ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابىدىكى: «قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ

---

[1] رىشات گەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 177 ـ، 178 ـ، 182 ـ بەتلەر.

تېررىتورىيىسىنى ماۋرەئۇننەھر رايونىغا كېڭەيتكەن ئەلى بىن ھەسەن تارقاتقان پۇلىدا ئۆزىنى تاۋغاچ بۇغراخان دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋرەئۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىبراھىم ئىبىن ناسىرمۇ تاۋغاچ بۇغراخان، دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا ئۇ سوقتۇرغان پۇللاردا بىۋاستىلا «مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن»، دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ناسىرمۇ مەلىكۇل مەشرىق ۋە چىنىنىڭ سۇلتانى دەپ ئاتالغان»[1] دېگەن بايانلىرى بىزنى بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرى مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغان خاقانىيە خاقانى ھەسەن بىن سۇلايمانمۇ تاغاچ بۇغراخان دەپ ئاتالغان. ياركەنتتىن تېپىلغان 1081 ـ يىلى يېزىلغان ئەرەبچە بىر يازمىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «... مۇسۇلمانلارنىڭ قوغداغۇچىسى، مەشرىق ۋە چىنىنىڭ سۇلتانى، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئەل ھەسەن يەنى سۇلايمان ئارسلان قاراخاننىڭ ئوغلى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىشەنگەن خەلىفىنىڭ دوستى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، شۇنداقلا ئالىي ھۆرمەتلىك شاھزادە، ئالىيلىرى، خاندانلىقنىڭ تۈۋرۈكى، مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ يول باشچىسى چاغرى تېكىن ئەبۇ مۇسا ھارۇن، يەنى مەشرىقنىڭ تاۋغاچ بۇغرا قاراخانىنىڭ ئوغلى خەلىفە تەرىپىدىن قوغدالغان تەيىنلەنگەن ...»[2] دېگەن جۈملىلەر بار. سەلجۇق سۇلتانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرىدە خاقانىيە خاقانلىرىنىڭ «مەلىكۇل مەشىق ۋە چىن» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن خاقانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئەرەب تىلىدا ئۇنۋان نامىلىرى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە دوكتور، پروفېسسور رىشات گەنجىنىڭ «شۇ دەۋردە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۈركچە ئۇنۋانلىرى بىلەن ئىسلامىي لەقەبلەرنىڭ بىللە ئېيتىلىشىغا كەلسەك، بۇ لەقەبلەرنىڭ شۇ دەۋر شارائىتىدا خەلىپىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن لەقەبلەر ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن بىز توختىلىۋاتقان دەۋردە يالغۇز غەربىي قاراخانىيلاردىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىمغا خەلىپە تەرىپىدىن 1061 ـ يىلى تون بىلەن بىللە لەقەبمۇ بېرىلگەنلىكى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بىر قەيتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما بۇغراخان ھارۇن (خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ) ‹شىھابىبۇددەۋلە ۋە زاھىرۇد ـ دەۋا› دېگەن بىر لەقەبنى ئۆزلۈكىدىن قوللانغان ئىدى. بۇ بىر ئايرىم ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما بۇ قاراخانىيلارنىڭ بەزى ھۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ شۇ يۈنۈلۈشكە مايىللىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق كۆپىنچىسىنىڭ ئىسلامىي لەقەبلىرىنىڭ، قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرى ئۈستىدە خەلىپىنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىشى، بۇ لەقەبلەرنىڭ قانۇنىي يوللار بىلەن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»[2] دەپ يازغانلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمان خاقانلىرىنىڭ تۈركچە (ئۇيغۇرچە) ۋە ئەرەبچە ئۇنۋانلار قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خوتەننىڭ قۇمرابات قەدىمىي بۇتخانىسىدىن تېپىلغان تۆشۈكسىز، سوقما مىس پۇلىنىڭ

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن تېزىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 53 ـ بەت.

②③ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 182 ـ بەت.

بىر يۈزىگە «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»، يەنە بىر يۈزىگە «سۇلايمان قادىر تابغاچ خاقان» دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

پۇلشۇناس مەرھۇم جياڭ چىشاڭ ئەپەندى تابغاچخان نامى ھەققىدە كۆپرەك ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزچە، يەنە تابغاچخان دېگەن بۇ نام ناھايىتى يۈكسەك شان - شەرەپلىك نام بولۇپ، ئۇنى قوللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خاقان جەمەتىدىن ئىبارەت ئىسىلزادىلىق سالاھىيىتىنى ۋە تارىختا ئۆز مىللىتى قۇرغان قەدىمىي خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ»① دەپ يېزىشى بىزگە خاقانىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى تاۋغاچخان دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تابغاچخان ئاتالغۇسىغا بەرگەن تەبىرىنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: «قەدىمىي دۆلەت ۋە چوڭ خان دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە ۋە بەلكى بۇ مەنە تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار قەدىمىي دۆلەت دېگەندە، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چوڭ خان دېگەن سۆز ئۇنى قوللانغۇچىنىڭ شەرەپ ئۇنۋانى ۋە خاقانىنىڭ ھۆرمەت مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز»②. «تاۋغاچخان» نى ئېلىپ ئېيتساق بۇنىڭ يۇقىرىقى شىمالىي جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان تابغاچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن، چۈنكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، يۇقىرىدا بىز تاۋغاچ نامىنىڭ تۆت خىل شەكىلداشلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇڭا بىز «تاۋغاچخان» ئاتالغۇسىدىكى تابغاچ سۆزىنى كۆرۈپلا ھەرگىزمۇ ئۇنى «تاۋغاچخان» ئاتالغۇسىنىڭ مەنبەسى دەۋالساق بولمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ "tavɣaq ھەر بىر بۈيۈك قەدىمىي نەرسە «tavɣaqæzi» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. «مەملىكىتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «تاۋغاچخان» دېيىلىدۇ" دېگەن تەبىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش، دەپ قاراشقا بولىدۇ، ناۋادا بىز تاۋغاچ ۋە چىن نامىنى جۇڭگو مەنىسىدە چۈشەنسەك، خاقانىيە خاقانلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى مەنىسىدە جۇڭگونىڭ خاقانى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمىز، خاقانىيەنىڭ تېررىتورىيىسى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە سوزۇلغان ئەمەس. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى «مەملىكىتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە تاۋغاچخان دەپ ئاتايدۇ؟ شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ياشىغان باتۇر خاقان، ۋەتەنپەرۋەر تۇڭا ئالپ ئەر، يەنى پارس مەنبەلىرىدىكى ئافراسىياپنى ئۆلىرىنىڭ ئەجدادى، دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن تۈركلەر بىلەن ئافراسىياپنىڭ مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا شەرقتە ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، ئېلىمىز تارىخچىسى لى جىنشىن «شىنجاڭ ئىسلام خاندانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق

---

① «ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1077 - بەت.

② «ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1077 -، 1088 - بەتلەر.

كىتابىدا: «شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تارىختىكى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئابا ـ ئەجدادىدىن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى، ئافراسىياپنىڭ ھەقىقى ئەۋلاتلىرى ۋە ۋارىسلىرى[1] دەيتتى» دەپ يازىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ پىرامىدالىرىنى تىكلىگەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرى ۋە پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى ئافراسىياپ ھەققىدىكى ئۇچۇرلار سۆزىمىزنى دەلىللەشكە يېتەرلىك پاكىت بېرەلەيدۇ. شۇڭىمۇ خاقانىيە خاقانلىرى ھاكىمىيىتىنى ئافراسىياپ خاندانلىقىنىڭ داۋامى دەپ تونۇپ ئۆزلىرىنى «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دەپ ئاتاشقان، گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش مۇمكىنكى، مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇڭا ئالپ ئەر ۋەتەن تۇپرىقىنى ئىران تاۋجاۋۇزچىلىرىدىن قوغدىغان ۋەتەنپەرۋەر تارىخىي شەخس بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئۇيغۇر ئالىملىرى مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار كىتابلىرىدا ئافراسىياپ ھەققىدە مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى، سېغىنچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئۇنى «بەگلەر بېگى»، «ياخشىلىقنىڭ ھامىيىسى» دېگەندەك ناملاردا ئاتىغان، خەلقنىڭ ئافراسىياپ ھەققىدە ئېيتقان داستانىدىن پارچىلار بەرگەن. ئافراسىياپ ھەققىدە ئىمكان يار بەرگەن ياخشى باھالارنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان مەرسىيەناملەردىن ئۈزۈندىلەرمۇ بەرگەن. پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئافراسىياپ خاقانىيە تۈرك ـ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بۈيۈك ئەجداد ھېسابلانغان. دېمەك، تاۋغاچخان نامىدىمۇ مەھمۇد كاشغەرى بايانىنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقىنى پاكىتلار نامايەن قىلىپ تۇرماقتا.

قىسقىچە خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تابغاچ نامى ئەسلىدىنلا تابغاچلارنى يەنى بىز ئېيتىۋاتقان توقبات تۈركلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، توقباتلار ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغان ۋە 200 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولغاچقا، تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، ئۇلار ئەسلىدىن تۈركىي خەلق بولغىنى ئۈچۈن ئىككى ئارىدىكى مۇناسىۋەت كۈچەيگەن ھەمدە تۈركىي خەلقلەرمۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان. تابغاچلارنىڭ شۆھرىتى يىراق ـ يېقىنغا تارقالغان، تابغاچلارنىڭ نامى تۈركىي خەلقلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ غەربكە تاكى گرېكلارغىچە تارقىلىپ مەشھۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن گرېك ۋە ئەرەب ئاپتورلىرى خېلى كېيىنكى ۋاقىتقىچە شەرق دۇنياسىنى تابغاچ نامى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن، مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىغا كەلگەندە بۇ نام ماچىن بىلەن ئالماشقان. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى «tattavɤaq بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا 〈تات〉 سۆزى 〈پارس〉 دېگەن مەنىدە، 〈تاۋغاچ〉 سۆزى 〈تۈرك〉 دېگەن مەنىدە كەلگەن. مېنىڭچە مەن بەرگەن تەبىر توغرىراقتۇر. ئىسلام ئەللىرىدە مەشھۇر بولغان چۈشەنچە مۇشۇنداق» دەپ ئىزاھ بېرىشكە مەجبۇر بولغان، چۈنكى ئىسلامىيەت

---

[1] لى جىنشىن: «شىنجاڭ ئىسلام خاندانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دىنىي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 42 ـ بەت.

دۇنياسى تابغاچلارنى تۈركىي خەلق ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى دەپ تونۇيتتى. بۇددا مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بولسا تاڭ سۇلالىسىنى تابغاچ دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، «تۈرك ـ تۈرگەشلەرنىڭ يېرى» دېگەن بايانىنى قوشۇپ شۇ چاغدىكى چۈشەنچىلەردە تابغاچ نامىنىڭ تۈركلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلى تابغاچلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ «تاۋغاچ. تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈگى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن تابغاچ نامىنىڭ شۇ چاغلاردا تۈركىي خەلق نامىدىن ئېلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىمۇ كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇنداق ئاتاشنىڭ سەۋەبى شىمالىي جۇڭگو رايونىنى تابغاچ ئاتالغان تۈركىي قوۋمىنىڭ زېمىنى، دەپ قارىغانلىقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تابغاچخان ئاتالغۇسى بولسا خاقانىيە خاقانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى تۈركىي خەلق ئەجدادىمىز دەپ تونىغان تۇڭا ئالپ ئەر، يەنى ئافراسىياپقا باغلاپ ئۆزلىرىنى مۇشۇ زېمىنىنىڭ ئافراسىياپ خاندانلىقىنىڭ ۋارىسلىرى دەپ تونۇپ «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە تاۋغاچخان دەپ ئاتىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر گۈلتاجىسى بولۇپ، ئۇنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ زاماندىشى، خاقانىيەنىڭ جامائەت ۋە دۆلەت ئەربابى، مۇتەپپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1069 ـ يىلى تۈرك (ئۇيغۇر) ئەدەبىي تىلىدا يېزىپ چىققان. ئەمما چىن ۋە ماچىن نامى ھەققىدىكى بايانلار داستانغا تەخمىنەن 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىنىۋاتقان ئىككى مۇقەددىمىدە كۆرۈلىدۇ. مەن «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مۇقەددىمىسى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالەمدە بەزى ئۆزگىچە پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم (بەزى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى شۇنىڭدىن كۆرسەك بولىدۇ). ئەمدى نەق مەسىلىگە كەلسەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قاراشلار 11 ـ ئەسىردىكى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىسە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بايانلار 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا (ھېرات) نۇسخىسى ھەمدە مۇكەممەل نۇسخا دەپ قارىلىۋاتقان پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. نەسرى مۇقەددىمىسىدىن مىسال كۆرۈپ باقايلى:

«كىتاب چىن ھېكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن. ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى ... چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايىتىدە[1]، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە[2]

---

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىنىڭ 2 ـ بېتىدە مەشرىق شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان.

② يەنە يۇقىرىقى بەتتە ئەسلى مەتىندىكى تۈركىستان ئەللىرىدە دېگەن سۆز «تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ» دېيىلگەن.

بۇغراخان تىلىدا[1] تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى يازغىنى يوق ... چىنلىقلار 《ئەدەبۇل مۇلۇك》 (شاھلارنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى) دەپ ئاتايدۇ. ماچىن مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى (ئايىنۇل مەملىكە) (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار 《زىننەتۇل ئۇمرا》 (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى. ئىرانلىقلار 《شاھنامەئى تۈركىي》 دەپ ئات قويدى. بەزىلەر 《پەندنامەئى مۇلۇك》 (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى. تۇرانلىقلار 《قۇتادغۇبىلىك》 دەپ ئات قويدى. بۇ كىتابنى كاشغەر ئېلىدە تاماملاپ مەشرىق شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھوزۇرىغا سۇنغاندۇر.»

تۆۋەندە نەزمىي مۇقەددىمىدىن بىر پارچە كۆرۈپ باقايلى:

12. بۇ مەشرىق مەلىكى ماچىنلار بەگى،

بىلىگلىك ئوقۇشلۇق ئاۋۇندا يەگى.

(ماچىنلار بېگى شەرق سۇلتانلىرى،

بىلىملىك ئاقىل دۇنيا ياخشىلىرى.)

بۇ بېيىتنى تۈركلوگ گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن ۋېي سۈيىي خانىم مۇنداق تەرجىمە قىلغان:

东方之王是马泰的皇帝，

他是世界上最有智慧的人。

بۇ بېيىتنى يەنە خاۋگۇەنجۇڭ قاتارلىقلار مۇنداق تەرجىمە قىلىدۇ:

东方的帝王一马泰的君主，

智而博学的世界英才。

19. بۇ مەشرىق ئەلىندە قاموغ تۈرك ئۇ چىن،

مونى تەگ كىتاب يوق ئاۋۇندا ئادىن،

(پۈتۈن تۈرك چىن شەرق ئېلىدە دېمەك،

مۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بولەك.)

بۇ بېيىتنى گېڭ شىمىن ئەپەندى مۇنداق تەرجىمە قىلغان:

东方之国，突撅和泰人，

没有一部书可与之匹配。

ماچىنلار ھاكىمى بۇ چىن يابغۇسى،

تۈزۈ بارچا ئايمىش مونىڭ ياقشىسى.

(ماچىن چىن ھېكىمى ئۇلار بارچىسى،

گۈزەل دەپ ماختىدى ئۇنى ھەممىسى.)

[ئىلاۋە: بىز بۇ بېيىتتىكى تۈرك ئىبارىسىنى خاقانىيە ئاھالىلىرىنى؛ چىن بولسا ئۇيغۇر

---

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 ـ بەتتە«بۇغراخان تىلى» نى «قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي تىل ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ» دېيىلگەن.

ئېلى گەنسۇدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن ئىزاھاتنى بېرىشنى لايىق تاپتۇق، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەس ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن خاقانىيىلىك مۇسۇلمانلارنى تۈرك، دەپ ئاتىغان]

بىز بۇ نەسرىي ۋە نەزمىي نۇسخىنىڭ مەزمۇن يېقىنلىقىدىن خەۋەردار. «قۇتادغۇبىلىك» ناھايىتى كەڭ دائىرىگە - پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر توپلانغان جايلارغا (قامۇغ تۈركىستان ئەللىرىگە) تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەر كىتابنى ئەزىزلەپ، يوشۇرۇپ ساقلىغان ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا مەقسەتلىك ھالدا ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ «ئەدەبۇل مۇلۇك»، «پەندنامەئى مۇلۇك»، «ئائىنۇل مەملىكە»، «زىننەتۇل ئۇمرا» … دېگەنگە ئوخشاش ناملارنى قويغان. شۇندىمۇ كىتابنى تەتقىق قىلىشتا تەكىتلەيدىغان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئەسەردە قوللىنىلغان تىل. ئەسەرگە ئۇنداق ياكى مۇنداق نام قويغانلار ئالدى بىلەن ئەسەرنى ئوقۇپ بەھرلىنىشى ۋە تەربىيە ئېلىشى لازىم، شۇندىلا كىتابقا نام بېرىشلىرى مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي تىل ئەينى دەۋردە پۈتكۈل تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان خاقانىيە تۈرك تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلۈشى يېزىق توسالغۇسىنى يوق قىلغان. قازاقچە يادىكارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، داستان چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاق خەلقىنىڭ ئارىسىغىمۇ تارقالغان. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، داستاندىن ئالدى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بەدىئىي زوق ئالغان ۋە تۈرلۈك ناملارنى قويغان. ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئاتىدى، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك ئەرەب - پارس ئەللىرى بىلەن تۈرك (ئۇيغۇر) ئەللىرىنىڭ ئالاقىسى ئەزەلدىن قويۇق، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولغان، بۇ مەسىلە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. باشسىز بۆك بولمىغاندەك پارسلاردىن خالىي تۈركلەرمۇ بولمايدۇ.»[1] دېگەن بايانى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. ئىران تېررىتورىيىسىدە يەنە تۈركىي خەلقلەر بولۇشتىن سىرت، شۇ تارىخىي دەۋردە سەلجۇقىيلار، غەزنەۋىيلەر خانلىقلىرىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى «تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم … دەۋر سۇلتانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى … ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ئارتۇق يول يوق ئىدى.»[2]، دەپ يازغاندەك

---

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 455 -، 2 - بەت.

② مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 2 - بەت.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئىشلەتكەن، ئۆگەنگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشتىن ئىككىنچى مەقسەت مۇشۇ خىل ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت، شۇڭا ئىرانلىقلارنىڭ مۇنداق دەپ ئاتىلىشى تامامەن مۇمكىن. ئەگەر بىز يۇقىرىقىناملارنى تۈركىي خەلقلەر ئەمەس، چەتئەللىكلەر قويغان دەپ پەرەز قىلساق داستان ئەينى چاغدا قايسى تىلغا تەرجىمە قىلىنغان؟ ناۋادا بىز چىن ۋە ماچىن ناملىرى جۇڭگونى ياكى خەنزۇلارنى كۆرسىتەتتى دېسەك، خەنزۇ خەلقىنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا «قۇتادغۇبىلىك» نى تەرجىمە قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق، توغرىراقى ھېچقانداق مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇ چاغدا تەرجىمە قىلاتتى دېسەك، ئىسلامىيەت ئەقىدىسى سىڭگەن «قۇتادغۇبىلىك» نى ئەمەس، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان بولاتتى. خەنزۇ ئالىم، ئەدىب، پادىشاھلىرى ئۆزلىرى كۆرمىگەن، بەلكىم ئاڭلاپمۇ باقمىغان، چۈشەنمەيدىغان «قۇتادغۇبىلىك» كە ھەرگىزمۇ «ئەدەبۇل مۇلۇك» ياكى «ئائىنۇل مەملىكە» دەپ نام بېرىپ يۈرمەيدۇ، پەقەت ھەممىلا نەرسىگە ئۇتۇغات نامى بېرىش مەسئۇلىيىتىمىز بار، دەپ قارىمىغان بولسىلا. «قۇتادغۇبىلىك» پەقەت زامانىمىزغا كەلگەندىلا ئىككى قېتىم نەشر قىلىندى، بىر قېتىمى گېڭ شىمىن بىلەن ۋېي سۇيىي تەرجىمە قىلغان قىسقارتىلما نۇسخا 1979 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن؛ خاۋگۇەنجۇڭ ۋە ليۇ بىڭلار تەرجىمە قىلغان تولۇق نۇسخا 1986 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ھەمدە «福乐智慧» دەپ نام بېرىلدى. تەتقىق قىلىنىپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلدى، جۈملىدىن تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە كىتابلار نەشر قىلىندى، مانا بۇ ھەقىقەت، مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن خەنزۇ ئالىملىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى «福乐智慧» دەپ ئاتىغان دېسەك، ھەمدە كىتاب ماقالىلەرنى دەلىل قىلساق راست شۇنداق بولغان، دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىز داستاننىڭ مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان مۇقەددىمىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئەمەس (ئېھتىمال كۆچۈرگۈچى كاتىپ) تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

نەسرىي مۇقەددىمىدىكى «مەشرىق ۋىلايەتىندە قامۇغ تۈركىستان ئەللەرىندە، بۇغراخان تىلىنچە تۈرك لۇغەتىنچە ...» نى مۇلاھىزە قىلساق تۈرك لۇغەتى تۈركىي تىللار لۇغەت فوندىنى كۆرسەتسە، بۇغراخان تىلى خاقانىيە تىلى بولۇپ، شۇ تىل فوندىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلىپ ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئوينىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئىككىسى بىر تىل بولۇپ بىر ـ بىرىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. «مەشرىق ۋىلايەتىندە بىلەن تۈركىستان ئەللەرىندە» تەڭداش ئاتالغۇ بولۇپ، مەشرىق ئېلى شەكسىزكى قۇز ئوردو ئېلى، كاشغەر ئېلى (خاقانىيە يەنە تۈرك دەپ ئاتالغان بولۇپ مۇشۇ مۇقەددىمە بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم). ئۇيغۇر ئېلى (چىن) ... قاتارلىق قامۇغ (پۈتۈن) تۈركىستان ئەللىرىنى كۆرسەتكەن. «مەشرىق مەلىكى تاۋغاچ

بۇغراخان» ئاتالغۇسى بىزگە مەسىلىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن «مەشرىق ۋىلايىتى = قامۇغ تۈركىستان ئەللىرى = خاقانىيە» دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، خاقانىيە خاقانى قانداقچە مەشرىق مەلىكى بولۇپ قالىدۇ؟

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيلى نەزمىي يەشمىسى بولسۇن، نەسرىي يەشمىسى بولسۇن نوپۇزلۇق ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر شۇنداق ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ سەۋەنلىككە يول قويۇلغان. بىز كۆرسەتكەن ئاشۇ مىساللاردىمۇ خاتالىق بولغىنى ئۈچۈن خەنزۇچە توغرا تەرجىمىسىنى قوشۇمچە قىلدۇق. بۇلار بىزنىڭ تارىخىي دەۋردىكى چىن، ماچىن چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزدا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. نەزمىي مۇقەددىمىسىنىڭ «بۇ مەشرىق مەلىكى، ماچىنلار بەگى» دەپ مەشرىق بىلەن ماچىننىڭ تەڭداش ئاتالغۇلىقى ئىپادىلەنگەن. مانا بۇ بېيىتتا ھۆكۈمدار مەشرىق مەلىكىگە مەدھىيە ئوقۇلغان بولۇپ «مەشرىق مەلىكى» بىرلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدە كۆپلىگەن ماچىنلار بارلىقىنى بىلىش مۇمكىن. «بەگ» بىلەن «مەلىك» ئوخشاشلا ھۆكۈمدارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە يەشمىدە بۇلار كۆپلۈككە ئۆزگەرتىلىپ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. «ئاۋۇندا يەگى» (دۇنيادا بىرلا) ئىبارىسىمۇ بۇ بىرلىكنى قوللاپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، خاقانىيەلىكلەر يەنە «ماچىنلار» دەپمۇ ئاتالغان. يۇقىرىقىلاردىن بىز تەڭداش ئاتالغۇلارنى پاراللېل قوللىنىش مۇقەددىمە ئاپتورىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ياكى تارىخىي ئېنىقلىما بېرىش مۇددىئاسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئامىل بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

18 - بېيىتقا نەزەر سالىدىغان بولساق، «ماچىنلار ھەكىمى بۇ چىن يابغۇسى» دىن ناھايىتى ئېنىق ھالدا «ماچىن» بىلەن «چىن» نىڭ تەڭداش ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

پۇلشۇناس جياڭ چىشياڭنىڭ «شىنجاڭ خاقانىيە سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، كاشغەر ۋە يەكەندە قويۇلغان خاقانىيە پۇلىنىڭ ئوڭ يۈزىدە «مەلىك ئەل مەشرىق - مەشرىق ئېلىنىڭ پادىشاھى» دېگەن خەتلەر بار ئىكەن.

تارىخشۇناس ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن تىزىس» ناملىق كىتابىدا يېزىشىغا قارىغاندا مىلادىيە 1041 - يىلدىن 1080 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىبراھىم بىن ناسىر، ناسىر بىن ئىبراھىم قاتارلىق خاقانلار «تاۋغاچ بۇغراخان، شەرق ۋە چىننىڭ خاقانى، مەشرىق ۋە چىننىڭ سۇلتانى» دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان.

بۇ يەردە بىزگە يەنە «تاۋغاچ بۇغراخان» ئىبارىسىگە جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى «تاۋغاچ بۇغراخان» يۇقىرىدا بىز كۆرگەن ئىسپاتلار بويىچە «تاۋغاچ = جۇڭگو» بولۇپ، «تاۋغاچ بۇغراخان = جۇڭگو بۇغراخانى» بولامدۇ؟ بۇ جەھەتتە مەن پۇلشۇناس جياڭ چىشياڭنىڭ: «بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزچە يەنە ‹تاۋغاچخان› دېگەن بۇ نام ناھايىتى يۈكسەك شان - شەرەپلىك نام بولۇپ، ئۇنى قوللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خاقان جەمەتىدىن ئىبارەت ئىسىلزادىلىق سالاھىيىتىنى ۋە تارىختا ئۆز مىللىتى قۇرغان قەدىمى خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ

ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ» دېگەن قارىشىغا مايىللىق بىلدۈرىمەن.

دوكتور رىشات گەنچ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق كىتابىدا خاقانىيە دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلاردىن بىرى سۈپىتىدە ياركەنتتىن تېپىلغان يازمىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان خاقانىنىڭ ئۇنۋانى «مۇسلىمنى مەلىكۇلمەشرىق ۋە سىن بۇغرا قاراخان» ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەرەبچە يادىكارلىق مىلادىيە 1082 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈلگەن قانۇن ۋەسىقىسى بولۇپ، خاقانىنىڭ تولۇق ئىسمى «مۇسلىمىن مەلىكۇل مەشرىق ۋە چىن تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئەل ھەسەن» دېيىلگەن.

«تاۋغاچخان» ئىبارىسى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرگە ئەينى زامانىنىڭ ئەللامىسى، تۈرك دالالىلىرىنى ئۇن نەچچە يىل تەكشۈرگەن بۈيۈك تىلشۇناس، پەلەك تەتۈر كەلمىگەن بولسا بولغۇسى تاۋغاچجان، خاقانىيە شاھزادىسى مەھمۇد كاشغەرى جاۋاب بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق، ئۇنىڭ جاۋابى مەڭگۈلۈك كېسىم. ئالىمنىڭ ئۆلمەس قامۇسىدا «تاۋغاچخان» ئۇنۋانىغا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «مەملىكىتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» دەپ بەرگەن تەبىرى بەرھەق. چۈنكى خاقانىيە خاقانلىرى ئۆزلىرىنى «شاھنامە» دە يېزىلغان تۇران (تۈرك) شاھى ئافراسىياپ (تۇڭا ئالپ ئەر) نىڭ ئەۋلادى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۆزلىرىنى خاقانلىققا لايىق، ھاكىمىيىتى قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن خانلىق، دەپ قارايتتى.

دوكتور رىشاد گەنچ «مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن» نى «تاۋغاچجان» ئۇنۋانىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى، دەپ قارايدۇ. خاقانىيە دەۋرىنىڭ پۇللىرىدا «ئەبۇ شۇجا ئارسلان قاراخان ئەلمەشرىق ئەل دەۋلە» ، «ئەبۇ شۇجا ئارسلان قاراخان مەلىك ئەل مەشرىق» دېگەندەك شەرەپ ناملىرى كۆرۈلىدۇ.

دېمەك، خاقانىيە دەۋرىدىن باشلاپ چىن ۋە ماچىن بىر ئېتنىكا ھەم مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قەدىمدىن بېرى كاشغەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا ...» ئىبارىسى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

«قامۇغ تۈركىستان ئەللىرى» قانداقچە «مەشرىق ۋىلايىتى» ، خاقانلىرى قانداقچە «مەلىكۇل مەشرىق» بولۇپ قالىدۇ؟

16 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆراگان «تارىخى رەشىدىي» دە: «تۇغلۇق تېمۇرخان دۆلەتمەن پادىشاھ بولۇپ، مەشرىق دىيارىدا كۆپۈرلۈق كېچىسىنى ئىسلام قۇياشى بىلەن نۇرلاندۇردى»[1] دەپ يازغان.

17 ـ ئەسىردە ياشىغان بەلىخلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىي يەتتە توملۇق ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «بەھرۇل ئەسرار» دىكى بايانلار بىزگە خاقانىيە خاقانلىرىنىڭ «مەلىكۇل مەشرىق» دەپ ئاتالغانلىقىغا چۈشەنچە بېرىدۇ:

---

① مىرزا ھەيدەر كۆراگان: «تارىخى رەشىدىي» ، موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان، 23 ـ بەت.

«كاشغەر ـ ئالەمنىڭ مەشرىقىدىكى كاتتا ئەللەرنىڭ بىرسى. مۇستائۇفى كاشغەرنى خىتاي شەھەرلىرىدىن ھېسابلايدۇ، باشقىلار ئۇيغۇرىستان دېيىشىدۇ، ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچى ئىقلىم ئارىسىغا جايلاشقان. كاشغەر مەشھۇر مەملىكەتلەرنىڭ بىرسى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ چېگرىسى. ئۇ، موغۇلىستان دالاسى، خىتاي، تىبەت، بەدەخشان ۋە پەرغانە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ياركەند، ئاقسۇ، خوتەن، چالىش، تۇرپان، باي، كۇسەنلەر ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر. (بۇ ئەلنىڭ) مەركىزى شەھىرىمۇ قەشقەر دەپ ئاتىلىدۇ ...»[1].

«ئۇيغۇر ئالەمنىڭ مەشرىقىدىكى ئەللەرنىڭ بىرى، ماۋەرەئۇننەھرىنىڭ شەرقىدە، تۇران زېمىنىنىڭ ھۇدۇدىغا جايلاشقان. كۆپلىگەن يۇرتلارنى ۋە شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالمالىق، بېشبالىق، خاللۇخ، چىگىل، فراكاشان، قۇم ۋە تاتار بۇ ئەلنىڭ شەھەرلىرىدۇر ...[2]». بىز «بەھرۇل ئەسرار» دىن ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ جۇغراپىيىلىك قارىشىنى، يەنى ئەينى چاغدىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان زېمىنلارنى مەشرىق دەپ قارىغانلىقىنى چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا «مەلىكۇل مەشرىق» ۋە «مەشرىق ۋىلايىتى» دېگەنناملار توغرىسىدا توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز.

مەنبەلەردە كۆرۈلگەن «تۇران» ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئەپەندى «تۇران ئاتالغۇسى جۇغراپىيىلىك مەنە جەھەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ياشىغان يەرلەرنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[2] دەپ پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بىز مانا بۇلاردىن چىن، ماچىن نامى بىلەن تۇران نامىنىڭ دائىم مۇناسىۋەتلىشىپ قالدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرى 11 ـ ئەسىرگە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇقەددىمىسى 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە بىرلىككە كەلدى. مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈرك (ئۇيغۇر) مەدەنىيىتى ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قەدىرلەشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئىلگىرىكى ئەرەب، پارس تىلىنى ئاساس قىلىشتىن تۈرك ئۇيغۇر تىلى ـ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەنە شۇ تۈركىگۇيلارنىڭ بايراقدارى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى ئىدى. چىن ۋە ماچىن ناملىرى بۇ دەۋردىن باشلاپ ئەدەبى ئەسەرلەردە جۈملىدىن تولىراق يىرىك ئەدەبىي ژانىر ـ داستانلاردا قوللىنىلدى. مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىن باشقا ئەسەرلەردە «خاقانى چىن» مۇسۇلمان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋرلەردە چىن ـ ماچىن تارىم ۋادىسىغا تىمسال قىلىنىپ قوللىنىلغان. چىن ۋە ماچىندا ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ، گۈزەللىكمۇ، رەزىللىكمۇ، ئادالەتمۇ، زالىملىقمۇ، ھەققانىيەتمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، ئەدىپلەر ئانا تۇپراقتا بولغان

---

①② «بەھرۇل ئەسرار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 3 ـ سان، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

③ غەيراتجان ئوسمان: «تۇران نامى ھەققىدە»: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 2 ـ سان، 76 ـ بەت.

مېهرى ـ مۇهەببىتىنى، رەزىللىككە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى مۇشۇ نام ئاستىدا بايان قىلىدۇ. شۇڭا بۇ نام بەزىدە گۈزەللىك ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى قىلىنسا، بەزىدە كونكرېت قىلىپ خوتەن قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ داستانلاردا سۆزلەنگەن ۋاقىئەلەر، شەخسلەر ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتلەر ۋە تۈرلۈك باشقا ۋاقىئەلەردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. بۇ خىل ئەدەبىي ئۇسلۇپ شۇ زامانلاردا ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا كېرەك، بۇ مەسىلىلەر چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنى كۈتىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «يۈسۈپ قادىرخان تەزكىرىسى»، «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»، «سەپەرنامە»، «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى»، «پەرهاد ـ شىرىن ۋە مىڭ ئۆي» ··· قاتارلىق بىر قىسىم تەزكىرە ۋە داستانلاردا ناهايىتى ئېنىق هالدا چىن ياكى ماچىن ۋە ياكى چىن ـ ماچىن دەپ ئاتالغان جايلارنىڭ خوتەن ئىكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

## خۇلاسە

1. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئالغانلىرى ناهايىتى ئېنىقكى ئۇيغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىنى تاۋغاچ، خىتاي ۋە بارخان دەپ ئۈچ رايونغا بۆلگەن. ئىسلامىيەت دۇنياسىمۇ توپان بالاسى ۋە نوھ ئەۋلاتلىرىنىڭ تارقىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ مەشرىقنى يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي تىلنى ئەرەب تىلىدا ئىزاھلاپ، ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشىنى مۇھىم مۇددىئا قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن ئەرەب ـ پارس خەلقلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بەزى كىشىلەر بۇ ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان.

2. «بەيگگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك چېپىپ كېتىۋاتقان» ئەرەب ۋە تۈركىي تىلىدا تەڭداش ئاتالغۇلار بولغان. ئىسلام دىنىدىكى ئەرەب ـ پارس خەلقى بىلەن تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىسىنى روبىرو توغرىلىساق: يۇقىرى چىن = تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن = خىتاي، تۆۋەن چىن = بارخان بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيگەن، نەتىجىدە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ شەرق ھەققىدىكى غۇۋا چۈشەنچىلىرىدە ئۆزگىرىش بولغان، ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام قاراشلىرى بويىچە بەزى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ـ پارس ۋە تۈركىي ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ توپان بالاسى رىۋايىتىدىن كەلگەن چىن ۋە ماچىنناملىرى كۆرسەتكەن ئۇقۇم دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىرلىككە كەلگەن. ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى ئۇقۇمنى روبىرو تەڭلەشتۈرسەك، تاۋغاچ = ماچىن، خىتاي = چىن بولغان. توغرىراقنى ئېيتقاندا، ئۇقۇم دائىرىسىدە ناهايىتى چوڭ

ئۆزگىرىش بولغان ۋە بۇرۇنقى تۈركىي ناملار قوللىنىشتىن قالغان.

3. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يازغان چىن، ماچىن ھەققىدىكى ئۇقۇملار 11 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان بولسا، شۇ دەۋردىكى يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرگە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىدىكى چىن ۋە ماچىن ئۇقۇمى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىككى مۇقەددىمىسىدىكى چىن ۋە ماچىننىڭ كۆرسەتكەن ئۇقۇم دائىرىسىدە يەنە ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جايلارنى كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇنى فورمىلالاشتۇرساق: چىن — ماچىن = تۇران = تۈركىستان ئەللىرى بولغان.

4. خاقانىيە ئېلى 13 ـ ئەسىردە يىمىرىلگەندىن كېيىن چىن، ماچىن نامى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدە داۋاملىق كۆرۈلدى ۋە ئۇيغۇرلار ياشىغان رايوننى كۆرسىتىپ كەلدى.

5. تاۋغاچ نامى ئەڭ دەسلەپ تۈركىي قەبىلە توۋا (توغبات)لارنىڭ نامىدىن كەلگەن. توغباتلار ۋېي سۇلالىسىنى قۇردى ھەمدە شىمالىي جۇڭگو رايونىنى مەركەز قىلىپ ئىككى ئەسىردەك ھۆكۈم سۈرگەن بولغاچقا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. توغباتلار شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر بولدى. مەھمۇد كاشغەرى ۋە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ «تابغاچلار»نى تۈرك خەلقى دەپ ھەمدە «تۈرك ـ تابغاچلارنىڭ يېرى» دېيىشى شۇ خىل چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

6. تاۋغاچجان ئاتالغۇسى تۈركىي تىلىدىكى يۇقىرىقى ئاتالغۇ بىلەن شەكىلداش ئىبارە بولۇپ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «مەملىكەتتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە، دەپ بەرگەن ئىزاھى توغرىدۇر، چۈنكى خاقانىيە خاقانلىرى ئۆزلىرىنى توڭا ئالپ ئەر، يەنى ئافراسىياپ ئەۋلادى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى، دەپ قارىغان.

7. خاقانىيە دەۋرىدىكى چىن ۋە ماچىن ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلارغا ئەرەب ـ پارس خەلقلىرىدىن كىرگەن، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى چىن ۋە ماچىن ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىش مەنبىيىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق مىلادىيىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن توپان بالاسى بىلەن، توپان بالاسىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان نوھ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياغا تارىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە باغلىنىدۇ. «بۇ رىۋايەت ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان رىۋايەت ئىدى. تارىختىن ئىلگىرىلا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان رىۋايەتلەرنى بىلەتتى ... تارىخى ئۇزۇن مىللەت ۋە ئىرقلاردا مۇشۇ رىۋايەتكە ئائىت قاراشلار 6000 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ ھېكايىلەر دۇنيانىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئوخشىمايدۇ ... ھازىرقى ئارخېئولوگىيە بىلىملىرىگە ئاساسلانغاندا، خرىستىيان، يەھۇدى، ئىسلام دىنلىرىنىڭ توپان بالاسى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى قەدىمى مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىن

سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. سومېرلار، بابىلونلار، ئاسۇرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلار، خېتتىتلار قاتارلىق يىراق قەدىمكى مىللەتلەر بۇ رىۋايەتنى پىششىق بىلىدۇ، بۇ تارىخ باشلانغان دەۋردىكى ھېكايە. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەر ساپالغا ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىكى مىخ يېزىقتا توپان بالاسى ھەققىدىكى ئەھۋال خاتىرىلەنگەنلىكىنى بايقىدى ... 2500 يىل غايىب بولغان تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئاخىرى تىرىلدى ... كىتابتىكى نوھ ۋە ئىلاھنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھېكايە ئوخشاش ئىدى. ... گەرچە باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ھەرخىل رىۋايەتلەردە بەكمۇ ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن توپان بالاسى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئوتتۇرا شەرق كىشىلىرى ياقتۇرىدىغان رىۋايەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەر كەلگۈسىدە ئۇنى تارىخنىڭ بىر قىسمى قىلغۇسى ... ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ياۋروپا ياكى ئوتتۇرا شەرقتىكىدىنمۇ نۇرغۇن، مۇستەقىل بولغان توپان بالاسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئامېرىكىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى ئۆز رىۋايەتلىرىدە نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەھرىمانلىرىنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىغان، باش قەھرىمان بولمىغان ئەھۋالدا، شۇ قەبىلىنىڭ نامىنى باش قەھرىمان قىلغان. ...»①. كېيىن بۇ رىۋايەت «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىشىنى، دۇنياغا تارقىلىشىنى چۈشەندۈردى. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە نوھ ئوغلى يافەس ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرى چىن ۋە ماچىننىڭ دۇنيانىڭ شەرق، شىمال تەرەپلىرىدە ماكان تۇتۇپ، كۆپىيىشى، ئۆزلىرىنى شۇلارنىڭ ئەۋلادى دەپ، تونۇشى، چىن، ماچىننىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. چىن، ماچىن ناملىرىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

8. بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب، پارس، تۈركىيە تۈركلىرى جۇڭگونى چىن، دەپ ئاتايدۇ. ئىنگلىز تىلىدا CHINA، ياپون تىلىدا بىر مەزگىل 支那 دېيىلگەن. بۇلاردىن CHINA چىڭ (清朝، مىلادىيە 1616 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سۇلالىسىنىڭ نامىدىن، 支那 بولسا CHINA دىن كەلگەن. ئەمما ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكى چىن (سىن) ئاتالغۇسى زادى نوھ نەۋرىسى چىننىڭ نامىدىن كەلگەنمۇ ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ نامىدىن كەلگەنمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۈگۈنكى چىن نامى ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولغان. يۇقىرىقى نام ـ چىننى ئېلىمىزنىڭ تارىخىدىكى چىن سۇلالىسى (秦朝، مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دىن كەلگەن، دەپ قاراش بىر خىل سەۋەنلىكتۇر.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف شىركىتىدە)

① ۋاڭ خۇڭ تۈزگەن: «نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ، 144 ـ ~ 174 ـ بەتلەر.

# «قاراخانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى» دىن

رىشات گەنج (تۈركىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقىم

## 1. ئائىلە

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرىدە XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تۈرك ئائىلىلىرىنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرەلەيدىغان ناھايىتى كەڭ مەلۇماتلار تېپىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان چېغىمىزدا تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى — ئۆيلىنىش ۋە توي قىلىش ئادىتى ئۈستىدە توختىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىنى بەرپا قىلىدىغان شەخسلەرنى، ئاخىرىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىمىز.

### A. ئۆيلىنىش

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئائىلە ئۆيلىنىش بىلەن قۇرۇلىدۇ. XI ئەسىردىكى ئۆيلىنىش ئىشىدا، توي قىلىدىغان ياشلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلاتتىمۇ؟ ياكى جەمئىيىتىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەلچى ئەۋەتىش ئۇسۇلى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولاتتىمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە «دىۋان» دىن جاۋاب تاپالمىدۇق. ھەر ھالدا ھەر ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن. X ئەسىردىكى تۈرك جەمئىيىتىدە ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئاجرىشىپ كېتىش ئادىتى يوقلۇقىنى، بۇنداق ئەھۋال يېزىلىرىمىزدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق①، توي قىلىدىغانلار ئومۇمەن ئۆزئارا كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ، سۆزلىشىپ توي قىلىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، دېيىشكە بولىدۇ.

ئابدۇلقادىر ئىناننىڭ قارىشىچە، «دەدە قورقۇت داستانلىرى» دىكى قەھرىمانلاردىن بىرى بولغان بەي بۆرەك بىلەن لايىقى بانۇ چېچەك بىر - بىرىنى تونۇمايتتى. يەنە ئوغۇزلاردا سىرتتىن ئۆيلىنىش ئادەتلىرىگە ئائىت بەزى ئىزلارمۇ بار②. بۇ ئەھۋال تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا توي قىلىدىغان يىگىت، قىز بىر - بىرىنى تونۇماي تۇرۇپ توي قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ھالەتتىمۇ پۈتۈنلەي شۇنداق ئىدى، دەپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ③.

مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زامانداش بولۇپ ياشىغان، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرىدە ئۆيلىنىش تېمىسىغا مەخسۇس بىر بۆلۈمنى ئايرىپ، ئۆيلەنمەكچى بولغانلارغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن نەسىھەت قىلىدۇ④. بىراق، يۈسۈپ خاس

ھاجىتىنىڭ يازغانلىرىدىنمۇ، توي قىلغۇچىلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ياخشى كۆرۈپ توي قىلىدىغانلىقى ياكى توي ئىشى ئاتا - ئانىنىڭ خاھىشى بىلەن لايىق كۆرۈشى بىلەن بىر تەرەپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

1) ئەلچىلەر: مەيلى قانداق ئۇسۇلدا بولسۇن، ئۆيلىنىدىغان ئەر بىر قىزنى ئالماقچى بولسا، ھازىرمۇ بولۇۋاتقاندەك قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتتى. قىزنى سوراپ بارغۇچى بۇ ئەلچىلەر، يەنى كۆركۈچىلەر «ساۋچى» (سۆزچى - ئەلچى)، «يورىغچى»، «يازىخچى» (يازغۇچى) ۋە «ئارقۇچى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئىسىملارنى رەت بويىچە شۇنداق كۆرسىتىدۇ:

ساۋچى — «يىگىتلەر، قۇدىلار، ئەلچىلەر ئوتتۇرىسىدا بېرىپ - كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان ئادەم، چۈنكى ساۋچى بۇنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ»⑤. مەھمۇد كاشغەرى ئەسىرىنىڭ يەنە بىر يېرىدە بۇ سۆزنى «تۇغقان ۋە ئەلچىلەر ئوتتۇرىسىدا خەت توشۇيدىغان ئادەم»⑥ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

يورىغچى — «ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ كېلىدىغان ئادەم»⑦.

يازىخچى — «تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا خەت توشۇيدىغان ئەلچى»⑧.

ئارقۇچى — «توي قىلىش ۋاقتىدا قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ - كېلىدىغان ئادەم»⑨.

مەھمۇد كاشغەرى دەسلەپكى ئۈچ سۆزنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، تۆتىنچى سۆزنىڭ قايسى شېۋىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلىرىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتە قانداق پەرق بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭچە، يۇقىرىدىكى تۆت سۆز ھازىرقى تىلىمىزدىكى تېپىشتۇرغۇچى، كۆركۈچى، ئەلچى، ئەلبىر⑩ دېگەن گەپلەرگە ئوخشاش ئاساسەن بىر خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تۈركىيە تۈركلىرى ئەينى زاماندا ئاتا - بوۋىلىرى ئەلچى مەنىسىدە ئىشلەتكەن يۇقىرىدىكى ئاتالغۇلارنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشلىۋېتىپ، بۇنىڭ ئورنىغا، بۇرۇنلاردا ئۆيلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولغان تۇغقاندارچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان «تۇنگۇر» (دۇنۇر) بىلەن كۆركۈچى، ئەلبىر دېگەندەك سۆزلەرنى قوللىنىدىغان بولغان.

2) تويلۇق: ئەلچىلەرگە ماقۇل جاۋابى بېرىلگەندىن كېيىن، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش ئەر تەرەپنىڭ بېرىدىغان تويلۇقى بولسا كېرەك. تويلۇقنى XI ئەسىردە ھازىر بەزى جايلاردا ئاتالغاندەك قالىن (قالىڭ مال)⑪ دەپ ئاتايتتى. تويلۇق مەسىلىسى توي ئىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرى «قالىن بېرىپ قىز ئالار»، يەنى «تويلۇق بەرگەن يىگىت قىز (قىزلىقى بار) ئالىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، تويلۇقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىدە كېلىن قىلىپ چۈشۈرىدىغان قىزنىڭ قىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلەتتى.

مەھمۇد كاشغەرى قالىن (تويلۇق) سۆزىگە مىسال كەلتۈرگەن تۆتلۈك شېئىر بىزگە باشقا بىر خىل ھەقىقەتنى، يەنى XI ئەسىردىمۇ تويلۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل ياكى مال بولسۇن، بەزىدە ھەممە ئائىلىلەر ئاسانلىقچە بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى، شۇ

سەۋەبتىن ئەر كىشى ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقاندەك، بۇ مەبلەغنى بېرىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ جاپا چېكىدىغانلىقىنى⑫ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. تويلۇق ئۈچۈن پۇل ۋە مالدىن باشقا قۇلمۇ بېرىلىدىغانلىقى مەھمۇد كاشغەرى مىسالغا ئالغان يەنە بىر شېئىردىمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ شېئىردا «ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولدى. قىزىمنى سوراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىنى سوراتتىم. كېيىن ۋەدىسىدە تۇرمىدى. (تۇرۇمتاي)، ئىسىملىك قۇلۇمنى ئېلىپ قاچتى...» دېيىلىدۇ⑬.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ توي ئاتالغۇسىغا دائىر ئىزاھاتلىرىدىن بەزى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا قايچا قۇدا بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنى «ئۇلار ئىككى قىز قولۇشىدى ــ ئۇلار بىر - بىرىدىن قىز سوراتتى» دېگەن سۆزىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ⑭. ئۆزئارا قىز سورىتىپ، قايچا قۇدا بولۇشنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ياخشى بولىدىغانلىقى بىلىنمەكتە. دىۋاننىڭ باشقا بىر يېرىدە «ئۇلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشتى» ⑮ دەپ يېزىلىشىمۇ ئەينى زاماندا قايچا قۇدا بولۇش ئىشلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3) ۋەدىلىشىپ قويۇش: ئىككى تەرەپ ماقۇل بولۇشقاندىن كېيىن تويغىچە مەلۇم ۋاقىت ئۆتىدىغان ياكى ئۆتمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر ۋەدىلىشىپ قويىدىغان ئادەت بولسا، بۇنداق ئىش نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى «دىۋان» دىن ئېنىق بىلەلمىدۇق. «دىۋان» دا بۇنىڭغا دائىر ھېچقانداق بىر خاتىرىنى كۆرمىدۇق. ئابدۇلقادىر ئىنان جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، ۋەدىلىشىپ قويۇش ئادىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە خېلى بۇرۇندىن بار ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ «ھۇجەمۇل بولدان» غا ۋە ئىبنى فادلانىڭ ساياھەتنامىسىگە ئاساسلىنىپ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ۋەدىلىشىپ قويۇش يىگىت بېشى ئوچۇق قىزغا بىر كىيىم بېرىش شەكلىدە بولاتتى ياكى ئۆيلەنمەكچى بولغان تۈركلەر بېشى ئوچۇق قىزغا بىر قولياغلىق بېرەتتى. قىز قول ياغلىقنى قوبۇل قىلسا رازىلىق بەرگەن بولاتتى» ⑯. بۇ سۆزلەردىن ۋەدىلىشىپ قويۇش ئادىتى بارلىقىنى بىلگىلى بولسىمۇ، لېكىن سىنىشىپ يۈرۈش دەۋرى بارلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل تاپقىلى بولمايدۇ.

«دەدە قورقۇت داستانلىرى» غا قارىغاندا، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئائىلىلەر باللار بۆشۈكتىكى چاغلىرىدىلا قۇدا چۈشۈپ قويۇشاتتى. بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا «بەشىك كەتمەس» دەپ ئاتالماقتا. «دەدە قورقۇت داستانلىرى» غا قارىغاندا، يىگىت ئۆز لايىقىنىڭ بارمىقىغا ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى سېلىپ قوياتتى. قىز يىگىتكە ئۆزى تىككەن قىزىل رەڭلىك يىپەك تون ئەۋەتەتتى ۋە يىگىت توي كېچىسى چىمىلدىقتا يىپەك تونى كىيىپ كىرەتتى⑰. يەنە «دەدە قورقۇت داستانلىرى» دىن ئاداقلىق (لايىقى) دېگەن ئاتالغۇنىڭ بارلىقى⑱، توي قىلىشتىن بۇرۇن سىنىشىپ يۈرۈش مەزگىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ بىر مۇنچە رەسمىيەتلىرى بارلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

4) توي: تويىنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقى ۋە توي جەريانىــــدا قانداق ئىشلار بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە ھازىرقى ئادەتلەرگە ئوخشايدىغان ياخشى ئادەتلەر بارلىقىغا ۋە ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولىدىغانلىقىغا دائىر مىساللار بار. تويلاردا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئارتۇقچە مەلۇمات يوق. شۇ زاماندىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە ئىبنۇل جەۋزىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇلۇغ سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرۇل بەي خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندە ئۆتكۈزۈلگەن تويدا، توغرۇل بەي

ۋە باشقا چوڭلار خۇشاللىقتىن ئۇسسۇل ئويناشقان(19). بۇ ئۇسسۇل پروفېسسور فەرۇخ. سۈمەر ئىنتايىن جايىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ھازىرقى مالاي (بىر خىل ئۇسسۇل - ت) بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تويدا يىگىتنىڭ ئۆزۈكىگە دوستلىرىنىڭ ئوق ئېتىشىمۇ ئاساسلىق توي ئويۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئەھۋال ھازىر بىزدە بولىۋاتقانغا ئوخشاشلا توي قىلىش ۋە سىنىشىشتا ئۆزۈك سىمۋول سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ(20).

توي ئۇ چاغلاردا تۆكۈن دېيىلەتتى(21). توي مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىنلەر ئۈچۈن مەخسۇس ئۆيلەر ھازىرلىناتتى، يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئۆيىنى «مۇندەرۇ»(22) دېيىشەتتى. لېكىن ھۇجرا ئۆيلەر نېپىز يىپەك رەختلەر بىلەن زىننەتلىنەتتى(23). تۈركىيەدە ھازىرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇۋاتقىنىغا ئوخشاشلا توي مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمانلار چاقىرىلاتتى، زىياپەتلەر بېرىلەتتى. توي ئىشى باشقا زىياپەتلەر تامىقىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ «كۆدەن»(24) دېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرى توي زىياپەتلىرى ھەققىدە «كەنچلىۋ» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە خاقانلارنىڭ تويلىرىدا سېلىنىدىغان بىر خىل داستىخان ھەققىدە ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ يازىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە، كەنچلىۋ خاقانلارنىڭ تويلىرىدا ۋە بايراملاردا مۇنارىغا ئوخشاش ئوتتۇز ئارشىن ئېگىزلىكتە سېلىنىدىغان ۋە تاماقلىرى بۇلاپ - تالاپ يېيىلىدىغان داستىخان ئىدى(25). بۇ يەردە ئادەم زىيادە كۆپ بولىدىغان تويىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر خىل شەكلى تەسۋىرلەنگەن.

بۇ زىياپەتلەرگە ۋە تويلارغا ئادەم چاقىرىش ئىشى ھازىر تۈركىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىدا دېيىلگىنىدەك «ئوقۇما» دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭلار (بەگلەر، بايلار) ئۆزلىرىنىڭ توي ۋە ھەرخىل زىياپەتلىرىگە كەلگۈچىلەرگە يىپەك رەختلەرنى ھەدىيە قىلاتتى. بۇ «بېچىش» (يىرتىش) (26) دېيىلەتتى.

كېلىن «كەلىن»(27)، يىگىت بولسا «كۈزەگۈ»(28) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىدىن ئۆگەندۇق. كېلىنگە يۈتكەپ كەتكەن ئاخشىمى مەخسۇس تاج كىيگۈزۈلەتتى ۋە بۇ «دېدىم»(29) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا كېلىنگە مەخسۇس مېدالىئون - زۇننار تاقىلاتتى. بۇ مېدالىئون ئادەتتىكى چاغلاردا تاقايدىغان مېدالىئونلاردىن ئالاھىدىرەك ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى كېلىنگە تاقىلىدىغان بۇنداق مېدالىئوننى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ(30). كېلىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا توي قىلغان ئۆينىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ياتلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كېلىننىڭ ئۈستىگە «دېدەك» دەپ ئاتىلىدىغان دۇۋاك(31) ياغلىق ئارتىلاتتى. بۇ ئادەت ھازىرمۇ تۈركىيە يېزىلىرىدا ساقلانماقتا.

5) قىز مېلى: مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، كېلىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلگەندە ئۇنىڭغا ئاتاپ تەييارلانغان نەرسە - كېرەكلىرىنى بىللە ئېلىپ باراتتى. بۇ «سەپ» دېيىلەتتى(32). مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بەزىدە باشقا بىرى «بەگ ۋە باي كىشىلەر» قىز مېلىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بارلىقى مەلۇم بولماقتا(33). مەھمۇد كاشغەرى يەنە قىز مېلىنىڭ تەييارلىنىشى ھەققىدە بىزگە ئەڭ ياخشى ئادەتلەردىن بىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. يەنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلىدىغان كېلىننىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك ياكى ماللىرىنىڭ كەم قالغانلىرىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتلىرىنى چوقۇم ئورۇندايتتى. «يۇفۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىش تۇغقانلار كىيىم - كېچەك ۋە مال چىقىرىپ، كېلىننىڭ قىز مېلىغا ياردەم قىلىدىغان بىر ئىش

ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. مەھمۇد كاشغەرى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. «يۇفۇشلۇغ كەلىن كۈزەگۈ ياغاش بولۇر - تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۈيەۋ تاپار.» (34) يەنى تۇغقانلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئىززەتلەنگەن كېلىن خۇش خۇي ۋە ئېغىر - بېسىق كۈيەۋگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى يىگىت كېلىننى باي، دەپ بىلىپ خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئارقىلىق ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ دەسلەپىدە ماللىق بولۇش بەختلىك ئائىلە قۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. يۇفۇش ئادىتى ئۆز ئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت ناھايىتى ياخشى ئادەت بولۇپ، ھازىرمۇ تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. يەنە ئائىلە تۇرمۇشىنى ھېچبولمىغاندىمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولغان دەسلەپكى كۈنلەردىكى كېلىن - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدىغان باشقا بىر ماقالىمۇ دىققىتىمىزنى قوزغىماقتا. ئۇ بولسىمۇ «كىزلەنچۈ كەلىندە» (35) دېگەن ماقال. بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى مۇنداق: يوشۇرۇن نەرسە كېلىندە تېپىلىدۇ. چۈنكى كېلىن ياخشى نەرسىلەرنى ئېرىگە ساقلاپ قويىدۇ.

قىز مېلى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. دىۋاندا نۇرغۇنلىغان تويلاردا مەيلى كېلىن، مەيلى يىگىت بولسۇن تۇغقانلىرىغا ھەدىيە ئورنىدا كىيىم - كېچەك كىيگۈزىدىغانلىقى يېزىلغان. «كەزۆت» (كىيىت) (36) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش ئادىتى ھازىرمۇ نۇرغۇن جايلاردا، كېلىن بىلەن يىگىت بىر - بىرىنىڭ تۇغقانلىرىغا كىيىم - كېچەك ئەۋەتىش شەكلى بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. XI ئەسىردىكى بۇ ئادەتنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىشى ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر نەمۇنىسى سۈپىتىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

6) ساغدىچلار (يەڭگىلەر): كېلىننى كۆچۈرىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ھەمدە توي كېچىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە «ئەگەت» (37) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىزمەتچى ئايالمۇ ئەۋەتىلەتتى. بۇ ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، شۈبھىسىزكى ياخشى ئادەتلىرىمىزدىن بىرى. بەزى ئەھۋاللار ئاستىدا (كېلىن ئائىلىسى باي بولسا) بۇ يەڭگە دېدەكلەردىن بولاتتى، يەنى كېلىننىڭ مېلى بولۇپ كېلەتتى. مۇنداق دېدەكلەر «ئەگەتلىك قارا باش» (38) (يەڭگە بولىدىغان دېدەك) ۋە مۇنداق دېدەككە ئىگە بولغان كېلىن «ئەگەتلىغ» (يەڭگىلىك) كېلىن دېيىلەتتى (39). بۇ ئەھۋال ھەممە كېلىننىڭ دېدەككە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەبىئىي بىر ئەھۋال. بۇنىڭدىن تاشقىرى دىۋاندا «تاياق» دېگەن بىر ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆز ئارقىلىقمۇ بىزگە XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تويلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇ «تاياق» دېگەن سۆزنىڭ تاياق، تايانچۇق، دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى يازغاندىن كېيىن «كۈزۈگۈ تاياق ۋەردى - يىگىت تاياق بەردى» (40)، يەنى يىگىت كېلىن ئاتتىن چۈشكەندە مۈرىسىگە تايانسۇن، دەپ كېلىنگە دېدەك ياكى قۇل بەردى، دەيدۇ ۋە بۇ ئادەت بايلار ئارىسىدىكى ئادەت ئىكەنلىكىنى، دېدەك ياكى قۇلنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ كېلىننىڭ مېلى بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن بۇنداق ئىمكانىيەتكە پەقەت بايلارلا ئىگە بولالايدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دىققىتىمىزنى تارتقان يەنە بىر ئىش، ھازىرمۇ بىر مۇنچە

يېزىلىرىمىزدا بولۇۋاتقاندەك كېلىنلەر يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاتقا مىنىپ كېلىشىدۇ. كېلىن ئاتتىن چۈشكەندە بىرەر كىشىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ چۈشۈش ئادىتىمۇ ھازىر يېزىلىرىمىزدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يوزگات رايونىدا كېلىنىنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ئومۇمەن قېيىن ئاتىسى ياردەم قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن يەنە قوللۇق تۈزۈمىنىڭ XI ئەسىردىكى تۈرك جەمئىيىتىدىكى ماھىيىتىنى قىسمەن بولسىمۇ بىلىش مۇمكىن (بۇ ئەھۋال تۆۋەندە ئايرىم سۆزلىنىدۇ). مەھمۇد كاشغەرى دىۋاندا يەنە ئەگەت دېگەن مەنىدىكى «مامۇ»[41] دەپ ئاتىلىدىغان ۋە توي كېچىسى كېلىنگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان خىزمەتچى ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. مامۇنىڭ ۋەزىپىسى يەڭگىنىڭ ۋەزىپىسىدىن باشقىچىمۇ؟ ياكى يەڭگىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان خىزمەتچىنى ئايرىم تۈرك ئەللىرىدە باشقىچە، يەنى «مامۇ» دەپ ئاتامدۇ؟ مەھمۇد كاشغەرى بۇ ھەقتە ھېچنەرسە دېمەستىنلا «مامۇ» دېگەن سۆز ساپ تۈركچە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇ چاغدا يەنە ھەمراھ - قوغداش بولۇش ئادىتىمۇ بار ئىدى[42] ۋە ئۇلار «ساغدىچ» دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆزنىڭ دوست مەنىسىدىمۇ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. بىراق ساغدىچلارنىڭ ئەر ياكى ئاياللاردىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. ھازىر تۈركىيىدە كۆپىنچە يەرلەردە «ساغدىچ» ئاتالغۇسى قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئەر - ئايال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. XI ئەسىردىمۇ شۇنداقمىدۇ؟ بۇنى بىلمەيمىز. لېكىن، توي كېچىسى كېلىنگە خىزمەت ۋە ياردەم قىلىدىغان يەڭگە بولغان يەردە، ئۆي تۇتۇش مەسىلىلىرىدە، بولۇپمۇ توي كېچىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە يىگىتكە بۈگۈنكىگە ئوخشاشلا، تەلىم بېرىدىغان بىرى بولسا كېرەك. بەلكى ساغدىچنىڭ ئەر كىشى بولۇشى ئېھتىمالغا كۆپرەك يېقىن. «دەدە قورقۇت داستانلىرى»غا قارىغاندا، يىگىتنىڭ چىمىلدىققا كىرىدىغان يېرىنى ئوق ئېتىپ كۆرسىتىپ بېرەتتى[43].

7) نىكاھ: دىۋاندا بۇ توغرىدا پەقەت بىر يەردىلا «ئەركەك تىشكا كاۋۇشتى - ئەركەك خوتۇن بىلەن نىكاھلاندى، خوتۇنغا يېقىنلاشتى» دېگەن جۈملىنى ئۇچرىتىمىز[44]. لېكىن، بۇ يەردە دېيىلگەن نىكاھ قانداق ئىش ئىدى، بۇ نىكاھ ئېلىش ئادىتى ئىسلامىيەت بىلەن بىللە كىرگەن ئادەتمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە بۇ خىل ئادەت بارمىدى؟ بۇلارنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئۇراگۇت ئەرلەندى»[45] ياكى «ئۇراگۇت بەگلەندى»[46]؛ ئەركەكلەرنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جۈپتى مەنىسىدىكى «كىس» سۆزىنى ئىشلىتىپ «ئول كىسى ئالدى»[47]، يەنى ئۇ خوتۇن ئالدى، دېيىشەتتى. بۇنىڭدىن ئەر مەنىسىدە بەگ ۋە ئەر، خوتۇن مەنىسىدە بولسا كىس سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. نىكاھ مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنىمۇ دەپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، ھازىر XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بىر ئەر بىردىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىدىغان ئادەت بارلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇنداق ئەھۋالدىكى كۈنداشلار ئاناتولىيىدىكى خەلق سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ئورتاقى، «كۈنى»[48] دېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ سۆز مۇناسىۋىتى بىلەن مىسال كەلتۈرگەن ماقالىسىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، ئۇ زامانلاردىمۇ كۈنداشلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى دوستانە ئەمەس ئىدى[49]. بۇنداق ئەھۋال كۈنداشلىقتىن، قىزغانچۇقلۇقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدىن باشقا «كۈنداش» دېگەن سۆزنىڭ شۇ زاماندىكى ماقالىلەردە ئۇچرىشى بۇ ئادەتنىڭ خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

8) كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەندە قىلىنىدىغان ئىشلار: كېلىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئات بىلەن كېلىدىغانلىقىنى ۋە كېلىن ئەھۋالى ياخشى ئائىلىنىڭ قىزى بولسا «تاياق» دەپ ئاتىلىدىغان قولنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئاتتىن چۈشىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. مەھمۇد كاشغەرى كېلىن ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشتە ھازىرقىغا ئوخشاشلا بېشىدىن پۇل ئۆرۈلىدىغانلىقى ياكى ئاشلىق چېچىلىدىغانلىقىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى يازىدۇ. ئۇنىڭ پۇل چاچماق(50) دېگەن مەنىسىدە يازغان بىر سۆزىدە «پۇل چېچىش» دېگەن سۆز كېلىننىڭ بېشىدىن پۇل چېچىش دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «مەندىرى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا XI ئەسىردە چاچقۇ چېچىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دېيىشىچە «مەندىرى» بىر خىل يىغىلىشنىڭ ئىسمى بولۇپ ئادەملەر ئۇ يەردە كېچىدە كېلىن بىلەن يىگىتنىڭ ئەتراپىغا توپلىناتتى ۋە كېلىن بىلەن يىگىتنىڭ باشلىرىدىن پۇل چاچاتتى(51). مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆزنىڭ چىگىلچە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىدىن بۇ ئادەتنىڭ ئىسمى چىگىلچە ئىكەنلىكىنى ياكى چىگىللەردىلا شۇنداق ئادەت بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كېلىننىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈش ئادىتى ھازىرمۇ تۈركىي خەلقلەردە كەڭ تارقالغان. بۇنى شۇ دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوغۇزلاردا بۇنداق ئادەتنىڭ بارلىقىدا شۈبھە يوق. چاچقۇ چېچىلغاندىن كېيىن كېلىن ھويلىغا كىرىدۇ ۋە ئالاھىدە تەييارلانغان «مۇندەرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ھۇجرا ئۆيگە كىرگۈزۈلىدۇ(52).

دىۋاندىن تاپالىغان توي - تۆكۈنگە ئائىت ئىشلارنى شۇنچىلىك دەپ ئۆتىمىز. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ئايال ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارغاندا ئۇنى «تەگەي كەلدى» دەيتتى. بۇ زىيارەتچىلەر كەلدى، دېگەن مەنىدە ئىدى(53).

جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئائىلە ئەنە شۇنداق ئۆيلىنىش يولى بىلەن قۇرۇلاتتى. لېكىن بۇنىڭدىن ھەرقانداق توي يېڭى ئائىلىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى تۈركىي خەلقلەردە بوۋا، موما، بالا ۋە نەۋرىلەر بىللە ياشايدىغان كۆپ جانلىق ئائىلىلەر بارلىقى خېلىدىن بېرى مەلۇم. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد كاشغەرىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئوغۇزلار يۇرتلىرىنى ئارىلىغان ئىبنى فەزلان ئوغۇز ۋەزىرى ئەترەكنىڭ قارارگاھىدا بولغىنىدا ئۇنىڭ كۆپ جانلىق ئائىلىسىنى، ئائىلە ئەزالىرىنى، خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە بىر مۇنچە كىگىز ئۆيلەرنى كۆرگەنىدى(54).

شۇ چاغلاردا ئەر - خوتۇنلار ئاجرىشىش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىغا قارىغاندا XI ئەسىردىكى تۈرك جەمئىيىتىدە تۇل خوتۇنلارمۇ بار ئىدى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق بىر ئەر تاپقاندا قايتىدىن ياتلىق بولاتتى. تۇل خوتۇنلار شۇ چاغدىمۇ «تۇل» دېيىلەتتى. ئۇ چاغدا ئارغۇلار تۇل خوتۇننى «قۇزۇز»(55) دەيدىغانلىقى ۋە تۇل خوتۇنغا ئۆيلەنگەن كىشى «قۇزۇزلاندى» دېيىلىدىغانلىقىنىمۇ «دىۋان»دا ئۇچرىتىمىز. ئەمما ئۇ چاغدا تۇل خوتۇنغا ئۆيلەنگەندە ھەر ھالدا ھازىرقىغا ئوخشاش ئالاھىدە مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلمىسە كېرەك. يەنى قىزغا ئۆيلەنگەندەك كاتتا توي بولمىسا كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قالىن بەرسە قىز ئالۇر»(56) دېگىنىگە قارىغاندا، تۇل خوتۇنغا ئۆيلەنگەندە تويلۇق بېرىلىدىغان ئىش يوق ئىدى ياكى قىزغا قارىغاندا ئازراقلا نەرسە بېرىلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ چاغلاردا ياتلىق بولىدىغان

قىزنىڭ قىز، قىز ئەمەسلىكىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغانلىقى ئېنىقلانماقتا[57]. بۇ ھال تۈرك ئاياللىرى خېلى بۇرۇنلاردىلا ئىپپەتلىك، نومۇسچان كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىبنى فەزلان قاتارلىق[58] تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تۈرك خوتۇنلىرىنىڭ ئىپپەتلىك، نومۇسچان بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرقانداق ئەخلاقسىزلىقنىڭ يوقلۇقى سۆزلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەتنى تېخى قوبۇل قىلمىغان ئوغۇزلاردا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردىكىدەك ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۇگەي ئانىسىغا ئۆيلىنىدىغان ئادەتلەرگە ئوخشاش ئىشلارنىڭمۇ يوقلۇقى مەلۇم بولماقتا[59].

## B. ئاجرىشىش

ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش بىلەن بىللە تەبىئىي ھالدا بەزى چاغدا ئەر ـ خوتۇن چىقىشالماسلىق تۈپەيلى[60] ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ مەيدانغا كەلگەندى[61]. ئايالنىڭ ئاجرىشىشى بۇگۈنكىگە ئوخشاشلا قويۇش، قويۇۋېتىش دېيىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئاجرىشىش سۆزىنىڭ دىۋاننىڭ كۆپ جايلىرىدا قويۇش، قويۇۋېتىش شەكلىدە يېزىلىشى ئاجرىشىش ئەر كىشى تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى، يەنى بىر تەرەپلىمىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. دىۋاندا بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مىساللارمۇ بار. دىۋاندىن ئاجرىشىش سۆزىنىڭ ئەكسى بولغان «ئۈزلەشمەك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرىمىز[62]. بۇ ئاتالغۇنىڭ قايسى شېۋىدە بارلىقى ئېنىق ئەمەس، بىراق بۇ ئاتالغۇ قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى تۈرك ئەللىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرى قويۇش ۋە قويۇۋېتىش دېگەن سۆزلەرنىڭ ساپ تۈركچە ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، قويۇش دېگەن سۆزنىڭ تىلىمىزدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىمىز[63]. ئۇ يەنە ئاجرىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا «باش يۇلماق» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇراگۇت باشىن يولدى ـ خوتۇن بېشىنى قوتقازدى. مېھرىدىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ ئېرىدىن ئايرىلدى»[64]. بىزنىڭچە ئاخىرقى جۈملىدىن ئايرىلىش بىلەن قويۇۋېتىش ئارقىلىق ئايرىلىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بىرى، ئەر كىشى خوتۇننى قويۇپ بېرىشنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىرى، خوتۇن بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرنى قويۇۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى بۇنى يەنە بىر يەردە بەك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «ئۇراگۇت يولۇندى = خوتۇن ئېرىگە پۇل بېرىپ ئايرىلدى» [65] دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەسلىدىمۇ خوتۇن كىشى ئۆزى ياقتۇرمىغان ئېرىدىن ئايرىلماقچى بولغاندا ئېرىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياكى بىر مۇنچە ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ[66]، ياكى ئۈستەك بېرىش ئارقىلىق ئېرىنى ئاجرىشىشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. دېمەككى، ئائىلە ئىچىدە ھوقۇق ئەردە بولۇپ، ئايرىلىش ئىشىدا چوقۇم ئەرنىڭ رازىلىقى ئېلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن خوتۇن ئۆزى خالىمىغان ئېرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن قانچىلىق پىداكارلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئايرىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۇل» سۆزىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بىر ماقالىسى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە: «ياۋلاق تىللىغ بەگدىن كەرۈ يالغۇس يەغ ـ تىلى يامان، يەنى ئۆزىنى تىللايدىغان ئەرلىك بولغاندىن كۆرە يالغۇز

تۇل بولۇش ياخشى»⑥⑦. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۇل خوتۇنلارمۇ باشقىدىن توي قىلىش بەختىگە ئېرىشەلەيتتى ۋە قوللۇقتا ياشاشتىن قۇتۇلالايتتى. بۇنىڭدىن باشقا بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش، بالىلىق بولماسلىقمۇ ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەك. دىۋاندا «قىسىر خوتۇن»⑥⑧ دېگەن ئاتالغۇنىڭ بولۇشى بۇ ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالىدىغان ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ۋە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئاياللار تۇل قالغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئەھۋالى XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى شۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، خوتۇنىنىڭ تۇنجى ئېرىنى كېيىنكىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «تۇن بەگ»⑥⑨ دەپ ئاتايتتى ۋە بۇ ئاتالغۇ كەڭ تارقالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىۋاندىن تۇل خوتۇنلار «تۇغساق» ياكى «تۇل تۇغساق» دېيىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز⑦⓪.

## ئىزاھاتلار

① ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار»، 45 ــ، 46 ــ بەتلەر.

② «تۈرك تىللىرى ھەققىدىكى ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار»، 342 ــ بەت.

③ ف. سۈمەر: «ئوغۇزلارغا ئائىت داستانىي ماھىيەتتىكى ئەسەرلەر»، 438 ــ بەت.

④ ر. رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك»، تۈركچە نەشرى، 324 ــ، 326 ــ بەتلەر.

⑤ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ــ توم، 154 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ــ توم، 211 ــ بەت.

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ــ توم، 44 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ــ توم، 598 ــ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ــ توم، 51 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ــ توم، 66 ــ بەت.

⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ــ توم، 55 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ــ توم، 74 ــ بەت.

⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ــ توم، 141 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ــ توم، 191 ــ بەت.

⑩ م. ئالتاي كۆيمەن: «ئالپ ئارسلان زامانىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى» 20 ــ بەت.

⑪ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ــ توم، 371 ــ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ــ توم، 507 ــ بەت.

⑫ يۇقىرىقى ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن شېئىرگە قاراڭ.

⑬ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ــ توم،

109 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 148 ـ بەت.

⑭ 13 ئىزاھقا قاراڭ.

⑮ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ـ توم، 49 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 126 ـ بەت.

⑯ «تۈرك تىپلىرى ھەققىدىكى ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار. . .»، 348 ـ بەت.

⑰ ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 393 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى ئەسەر 394 ـ بەت.

⑲ «ئەل مۇنتازام» 8 ـ كىتاب، 229 ـ بەت.

⑳ ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 343 ـ بەت.

㉑ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، ب. ئاتالاي تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 400 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 520 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 529 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 685 ـ بەت.

㉓ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 100 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 136 ـ بەت.

㉔ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 404 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 526 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 434 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 590 ـ بەت.

㉖ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 254 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 348 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 366 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 474 ـ بەت.

㉘ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 404 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 526 ـ بەت.

㉙ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 11 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 12 ـ بەت.

㉚ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 397 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 516 ـ بەت.

㉛ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 466 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 690 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 408 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 531 ـ بەت. دىۋاندىكى بۇ سۆزلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك X ئەسىردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئائىللىرى چوڭ ئائىلە تارتمايتتى ۋە ئەرلەردىن قاچمايتتى. بۇ خىل ئادەت كېيىنچە، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغاندى.

㉝ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 319 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 419 ـ بەت.
㉞ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ـ توم، 182 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 260 ـ بەت.
㉟ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 11 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 12 ـ بەت.
㊱ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 242 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 332 ـ بەت.
㊲ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 357 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 463 ـبەت.
㊳ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 51 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 71 ـ بەت.
㊴ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 150 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 203 ـ بەت.
㊵ 39 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.
㊶ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 166 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 227 ـبەت.
㊷ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 235 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 324 ـ بەت.
㊸ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 455 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 594 ـ بەت.
㊹ ف. سۈمەر: «ئوغۇزلار» 393 ـ بەت.
㊺ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ـ توم، 102 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 139 ـ بەت.
㊻ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 257 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 342 ـ بەت.
㊼ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ـ توم، 239 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 347 ـ بەت.
㊽ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 329 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 430 ـ بەت.
㊾ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 237 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 326 ـ بەت.
㊿ 49 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ ھەمدە م. ئا. كۆيمەن: «ئالپ ئارسلان زامانىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى» ، 24 ـ بەتكە قاراڭ.
51 مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 2 ـ توم، 122 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 170 ـ بەت.

⑤② يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 492 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 640 ـ بەت.

⑤③ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 685 ـ بەت.

⑤④ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 230 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 317 ـ بەت.

⑤⑤ ف. سۈمەر: «X ئەسىردىكى ئوغۇزلار»، 139 ـ بەت.

⑤⑥ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 133 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 184 ـ بەت.

⑤⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 365 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 472 ـ بەت.

⑤⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 371 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 507 ـ بەت.

⑤⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 382 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 694 ـ بەت.

⑥⓪ ف. سۈمەر: «X ئەسىردىكى ئوغۇزلار»، 142 ـ بەت.

⑥① يۇقىرىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑥② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 332 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 433 ـ بەت.

⑥③ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 330 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 432 ـ بەت.

⑥④ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 240 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 319 ـ بەت.

⑥⑤ 63 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑥⑥ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 63 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 86 ـ بەت.

⑥⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 85 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 111 ـ بەت.

⑥⑧ 66 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑥⑨ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 133 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 183 ـ بەت.

⑦⓪ يۇقىرىقى ئەسەر، ب. ئاتالاي، تۈركچە نەشرى، 1 ـ توم، 364 ـ بەت. ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 498 ـ بەت.

(داۋامى بار)

(تۇرسۇنئاي ساقىم: بېيجىڭ خەلقئارا رادىئو ئىستانسىدا)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ قىممىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئابدۇراخمان باقى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى، تېبابەتچىلىكى، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى، مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىك جەھەتتە، بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مەھمۇد كاشغەرى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، شېئىر ـ قوشاقلار، رۇبائىيلار، مەرسىيەلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر. . . دىن مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىدىغان قامۇستۇر.

## (1) تىلشۇناسلىقتىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن فونېما (تاۋۇش) سىستېمىسىنى، ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق، سىماسولوگىيىلىك مەنىلىرى ۋە مەنە ئۆزگىرىشلىرىنى، سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (سۆزلەرنىڭ كېلىپ ـ چىقىشى، پەيدا بولۇش يوللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم)، گىرامماتىكىلىق بىلىملەرنى، لۇغەتشۇناسلىق، قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى، تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن.

مەھمۇد كاشغەرى «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان تىل — قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ئۈچ مەمۇرىي قىسىمغا بۆلۈنگەن، بىرىنچىسى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئىككىنچىسى، سەمەرقەنت ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم، ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان، شەرقىي جەنۇبىي قىسىم. شۇنداق ئىكەن، قەشقەر، خوتەندىن تارتىپ، تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر ئۇيغۇر تىلى ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن: مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «تىللارنىڭ يىنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخرى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ. . . قەشقەر شەھەر ئىچى خەلقى ‹خاقانىيە تۈركچىسى› بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە» دەپ يازغان («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 40 ـ بەت).

مانا بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تۈرك تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىلى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ مەيدانغا كەلگەن «خاقانىيە تىلى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سۆزلۈكىنى توپلاپ، رەتلەپ، ئىزاھلاپ قويغان ئاددىي لۇغەت ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ، مورفولوگىيىسىنى، سىنتاكسىسىنى، گىرامماتىكىسىنى ئەرەب تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىزاھلاپ، سىستېمىلىق بايان قىلغان گىرامماتىكا كىتابى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق

لۇغىتى. لۇغەتچىلىك تارىخىدىن قارىغاندا باشقا ئەللەرنىڭ، باشقا مىللەتلەرنىڭ شۇ تۈردىكى لۇغەتلىرىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن تۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەتچىلىك تارىخىدا پەخىرلىك نامايەندا بولۇشى بىلەن بىرگە، لۇغەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ياخشى بىر ئۈرنەك ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ، مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە شاھ ئەسەر بولۇپ، بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر زور تارىخىي ۋە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارى ھېسابلايدۇ.

(2) ئەدەبىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر قامۇستۇر، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن بېيىت - قوشاقلار، نەسرىي پارچىلار، ماقال - تەمسىللەر 11 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مەزمۇنى ۋە ژانىر شەكىللىرى، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرى ھەققىدە بىزگە بىرقەدەر تولۇق، ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىي ھاياتىدىن پاكىتلىق ئۇچۇر بېرىدۇ. شۇڭا بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا 1 - نومۇرلۇق ئارخىپ دەپ قارايمىز. مەسىلەن: «دىۋان»دىكى دېھقانچىلىق، ھۈنەر - كەسىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش، پۇل - مۇئامىلە، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، شەھەر مەدەنىيىتى، تۇرالغۇ جاي مەدەنىيىتى، توقۇمىچىلىق جەھەتتىكى مەلۇماتلار ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

(4) تارىخىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن قاراخانىيلار خاندانلىقى ھەققىدە ياكى شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە زور تارىخىي مەنبەلەرگە ئېرىشكىلى، شۇنىڭدەك قاراخانىيلارنىڭ تارىخى، دۆلەت تەشكىلاتى، دۆلەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ.

(5) سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەينەن يېزىپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ ئىلگىرىكى چاغلارغا ئوخشىماي قالغانلىقىنى، ھەتتا بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆرۈلگەن ناچار، يامان ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرماي بايان قىلىدۇ.

مانا بۇلار ئەينى دەۋردىمۇ، ھازىرمۇ چوڭقۇر تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن)

# پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. ئېشەك ئۆگزە تاتلىغان، توخو جىرىم غاجىلىغان زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ ناھايىتى ئەقىللىق، باتۇر چوڭ بولغانىكەن. پادىشاھ ياشىنىپ قالغانلىقتىن كېسەل بولۇپ بىر ياتقانچە ئورنىدىن تۇرالماي قازا قىپتۇ. ئورنىغا ئوغلى پادىشاھ بولۇپتۇ. ئوردا كاتتىلىرى يېڭى پادىشاھنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنى ئۆيلەش ئىشى ئېغىزغا ئېلىنمايدىغان بوپتۇ. پادىشاھ كۈندۈزى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ مەملىكەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلسا، كېچىسى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى، يېزىلارنى ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنكاس، شىكايەتلەرنى ئاڭلايدىكەن. خەلقنىڭ ئائىلە سۆھبەتلىرىگە، كوچا پاراڭلىرىغا قولاق سالىدىكەن. ئەنە شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئوردىغا قايتىش خىيالىغا كەپتۇ ۋە يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر خوتۇن ئۈچ قىزى بىلەن ياشايدىكەن. بۇ قىزلار نازاكەتلىك، ئىرادىلىك چوڭ بولغانىكەن. پادىشاھ ئەمدىلا ئىشىكنى قاقاي دەپ قولىنى ئۇزىتىشىغا ئۆيدىن قىزلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قىزلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى بىلەن كەنجىسى ئون سەككىز ياشلىق چوڭىدىن:

— ئەگەر سىزنى پادىشاھ نىكاھىغا ئالسا، سىز ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. چوڭى:

— ئۆز قولۇم بىلەن يىپەك گىلەم توقۇپ چىقىپ، ئۆيىمىزدىن شاھ ئوردىسىغىچە بولغان يولغا پاياندار قىلىپ سالىمەن، — دەپتۇ.

— سىزگە بىرەر پادىشاھ ياكى شاھزادە خېرىدارلىق قىلسا، سىز ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتتۇرانچىسىدىن ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن سىڭلىسى.

— مەن بارلىق ئەقىدە - ئىخلاسىمنى ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلايمەن، — دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى. ئاخىرىدا ئىككى ئاچىسى سىڭلىسىدىن سوراپتۇ:

— سىزنى بىرەر شاھ ياكى شاھزادە ئەمرىگە ئالسا سىز ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرىسىز؟

كىچىك قىز تەمتىرىمەيلا دادىل جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالتۇن كوكۇللۇق قىز، كۈمۈش كوكۇللۇق ئوغۇل تۇغۇپ بېرىمەن.

ئاچا - سىڭىللار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، بىر - بىرىنى چىمدىشىپتۇ. پادىشاھ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قىزلارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ئۆيدە

قونۇش خىيالىدىن يېنىپ، ئوردىغا قايتىپتۇ. ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ۋەزىرنى ھېلىقى قىزلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ھېلىقى قىزلارنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ ۋە ئىشىكتىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام بېرىپ كىرىپتۇ. قىزلارنىڭ ئانىسى مېھمانلارغا چاي ۋە غىزا كەلتۈرۈپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئەلچىلەر مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپ قىزلارنىڭ ئانىسىغا:

— بىز پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى بولىمىز. پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولۇش ئارزۇسىنى يەتكۈزگىلى كەلدۇق. ئۆزلىرىگە بۇ تەلىپىمىز ياقامدىكىن، ياقمامدىكىن؟ — دەپتۇ. قىزلارنىڭ ئانىسى ۋەزىرلەرگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. قىزلىرىم پادىشاھىمىزغا يارىغان بولسا بۇنى ئۆزۈمنىڭ ھەم قىزلىرىمنىڭ بەخت - تەلىيى ھېسابلايمەن. قىزلىرىم دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئون ئۈچ يىل بولدى. چوڭ قىزىم ئون سەككىز ياشقا، ئوتتۇرانچى قىزىم ئون ئالتە ياشقا، كىچىك قىزىم رابىيە ئون تۆت ياشقا كىردى، قايسىسى شاھىمىزغا لايىقكىن بىلمىدىم، قىزلىرىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن پادىشاھىمىز شۇ قىزىمنىڭ چېچىنى ساناپ شۇ ساننىڭ باراۋىرىدە تۆگە ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر قايتىپ كېلىۋېتىپ:

— يائاللا، پادىشاھىمىز بۇ قىزلارغا ئۆيلىنەلمىگۇدەك، بىر قىزنىڭ چېچىنى ساناپ بولۇش، چاچنىڭ سانىغا تەڭ تۆگىلەرنى جەم قىلىش ئورۇندىغىلى بولىدىغان شەرت ئەمەسقۇ، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سىلەر ئىككىڭلار كېنىزەكلەردىن بىرقانچىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ كىچىك قىزنىڭ چېچىنى ساناپ كېلىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغدىكى تۆگىلەرنىڭ سانىنى ئېلىڭلار. كەملەپ قالسا غەزىنىدىن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىرىپ تۆگە سېتىۋېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ. سەككىز كۈن ئۆتتى دېگەندە ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ قىزلارنىڭ ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپتۇ. ئانا شاھنىڭ تەلىپىگە بىنائەن كىچىك قىزنى پادىشاھقا بېرىشكە رازى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ قىرىق كۈنلۈك تويى توغرىسىدىكى خەۋەر شەھەردىن يېزا - سەھراغىچە تارقاپتۇ. پۇقرالار:

— ۋاي - ۋۇي، بۇ پادىشاھىمىز ناھايىتى سېخى ھەم ئادىل ئىكەن. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە قىرىق كۈن توي تامىقى بېرىدىكەن. بۇنداق مەردلىك ۋە ھىممەت ھەرقانداق پادىشاھنىڭ قولىدىن كېلەۋەرمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ. توي باشلىنىپتۇ. راست دېگەندەك قىرىق كۈنگىچە چوڭ - كىچىك، باي - گاداي ھەممىسى گۆش - كاۋاپ، پولۇ - مانتىلارنى تويغىچە يەپ ئىچىشىپتۇ. بىر تول خوتۇننىڭ قىزى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ بۇ قەدەر كەڭ قوللۇق قىلىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ھەيرانۇ ھەس قىلىۋېتىپتۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ شىرىن ئايلىرى باشلىنىپتۇ. تۇرمۇشى ھۇزۇرلۇق، سۆھبەتلەر كۆڭۈللۈك داۋاملىشىپتۇ. كۈنلەر - ئايلار ئۆتكەنسېرى پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىغا بولغان ئامراقلىقى ئۇلغىيىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ كۆڭلىدە ھەسەت قوزغىلىپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كىچىك خوتۇننىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈنداشلارمۇ شۇنچە ئەسەبىيلىشىپتۇ. چوڭ خوتۇنلار بىر ئامال قىلىپ

كىچىك خوتۇننى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن ئىلاجىسىز قاپتۇ. كىچىك خانىشنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتقاندا پادىشاھ ئۇۋغا چىقىپ يەتتە كۈنگىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كىچىك خانىش رابىيەنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق تولغاقتىن كېيىن كۈمۈش چاچلىق بىر ئوغۇل، ئالتۇن چاچلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قوشكېزەك باللار ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق ئىكەن، ئۇلۇق قول ۋەزىر بۇ خۇشخەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال ئادەم ماڭغۇزۇپتۇ. چوڭ خوتۇنلار: «پادىشاھ بۇ باللارنى كۆرسە بىز تېخىمۇ يەكلىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باللارنى دەرھال يوقىتىش لازىم» دەپ ئويلاپتۇ - دە، كىچىك خانىشنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىككى باللىنى ئېلىپ بىر ساندۇققا قاچىلاپ دەرياغا ئاققۇزۇۋەتكەندىن كېيىن بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى ئىككى كۈچۈكنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن كىشىنى نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ ھەم كۈمۈش چاچلىق ئوغلى بىلەن ئالتۇن چاچلىق قىزىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كىچىك خوتۇنى ياتقان ئۆيگە كىرىپ باللارنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قارىسا يېڭى تۇغۇلغان ئىككى كۈچۈك ياتقۇدەك. پادىشاھ دەرغەزەپ بىلەن قايتىپ چىقىپ چوڭ خوتۇنلىرىدىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىشەنمەملا؟ — دەپتۇ ئىككىسى، — خالايىق ئاڭلىسا ئۆزلىرىنى ئىتنىڭ نەسلىدىن ئىكەن دېمەمدۇ؟ قارىسىلا بۇ سەتچىلىكنى...

پادىشاھ غەزىپىنى باسالماي:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ ھەم قىلىچ تۇتۇپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئىككى جاللاتقا بۇيرۇپتۇ، — بۇ قانجۇقنى كۈچۈك - پۈچۈكلىرى بىلەن قوشۇپ يىراق جاڭگالغا تاشلىۋېتىڭلار. كۆزۈم كۆرۈپ قالمىسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار كىچىك خانىشنى ئىككى كۈچۈك بىلەن نەچچە قات تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توغراقلىق جاڭگالغا تاشلىۋېتىپتۇ. رابىيە ئۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى ساندۇققا سېلىنىپ دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن ئىككى بوۋاقتىن ئاڭلايمىز. ساندۇق سۇدا يېرىم لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋېرىپتۇ. دەريانىڭ ئايىغىدىكى بىر يۇرتتا يېشى يەتمىش - سەكسەنگە بېرىپ قالغان بىر جۈپ موماي - بوۋاي ياشايدىكەن. ئىككىسى خۇدادىن:

— بىز بىچارە غېرىبلىرىڭغا مەيلى ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، پەرزەنت ئاتا قىلغىن. بىزنى بۇ دۇنيادىن ئىزسىز كەتكۈزمىگىن، — دەپ تەلەپ قىلىۋاتقىنىغا قىرىق يىلدىن ئاشقانىكەن. ئۇلار دەريادىن بېلىق تۇتۇپ يەپ، ئاشقىنىنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بوۋاي دەرياغا بىرىنچى قېتىمدا مېھمانلىرىمىنىڭ بەختى ئۈچۈن دەپ، ئىككىنچى قېتىمدا بىزدەك غېرىب - غۇرۋالارنىڭ رىسقى ئۈچۈن دەپ تور سالىدىكەن. خەيرلىك بىر كۈنى بوۋاي دەرياغا تور تاشلاش ئۈچۈن موماي بىلەن بىللە دەريا بويىغا كەپتۇ. بۇلار بىرنەچچە قېتىم تور تاشلىسىمۇ بېلىق چىقماي ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرسا بىر ساندۇق بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېقىپ كەپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ساندۇقنى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ھەيرانلىق بىلەن ئاۋايلاپ ئېچىپتۇ. قارىسا جېنى ئاز قالغان كۈمۈش چاچلىق بىر ئوغۇل، ئالتۇن چاچلىق بىر قىز — ئىككى بوۋاق جامالى كۈندەك نۇرلىنىپ

ياتقۇدەك. ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولغان بوۋاي بىلەن موماي بوۋاقلارنى ساندۇقتىن ئېلىپ باغرىغا تاڭغىنىچە ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ - دە، بوۋاقلارنى بىلىق شورپىسى ھەم كالا سۈتى بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ. يەتتە كۈن ئۆتكەندە يۇرت جامائىتىنى چاقىرىپ ئوغۇلغا خۇدابەردى، قىزغا ئايسۇلتان دەپ ئات قويۇپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي خۇدابەردى بىلەن ئايسۇلتاننى بېقىپ چوڭ قىلغاچ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى پادشاھتىن ئاڭلايلى. پادشاھ چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئامراق كىچىك خوتۇنىنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ئۇۋغا چىقىش، يەپ - ئىچىش ۋە ئويۇن - كۈلكىلەر بىلەن كۈنلەرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي رابىيەنى پەقەت ئەسلىمەيدىغان بولۇپتۇ. كۈنلەردىن ئايلار، ئايلاردىن يىللار ھاسىل بولۇپ پادشاھنىڭ يېشىمۇ ئۇلغىيىپ قاپتۇ. چوڭ خانىشلارنىڭ ئۆمرىمۇ شۇملۇقلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ غەم ئەندىشىدە ئۆتۈپتۇ. خۇدابەردى بىلەن ئايسۇلتان ئون تۆت ياشقا كىرگەندە بوۋاي بىلەن موماي قازا قىلىپ بالىلارنى ھەسرەتتە قويۇپتۇ. بالىلار بىر يىلغىچە ئاتا - ئانىسىغا قارىلىق تۇتۇپتۇ ھەم مال - دۇنياسىمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. بىر كېچىسى غەم بىلەن ئۇخلاۋاتقان خۇدابەردىنىڭ چۈشىگە دادىسى بېلىقچى بوۋاي كىرىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— جېنىم بالام، ناۋادا خاپىلىق تارتىپ قالغۇدەك بولساڭ، مېنىڭ قەبرەم يېنىدا يەتتە كۈن قونغىن. سەككىزىنچى كېچىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ئاچساڭ يېنىڭدا بىر قارا ئات ئىگەر - جابدۇقى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن. ئاتنىڭ ئۈستىدە بىر قۇر شاھزادە كىيىمى بىلەن بىر ئوقيا بولىدۇ. سەن كىيىمنى كىيىپ قارا ئاتقا مىنىپ ئۇۋچىلىق بىلەن تۇرمۇشۇڭنى قامدىغىن. سىڭلىڭ ئايسۇلتاننىمۇ ياخشى ئاسرىغىن، — دەپتۇ.

خۇدابەردى ئويغىنىپ قارىسا دادىسى كۆرۈنمەپتۇ. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يەتتە كۈن دۇئا - تەكبىر قىلىپتۇ. سەككىزىنچى كېچىسى چىداپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزىنى يۇمۇپلا ئاچقانىكەن، ئۈستىدە شاھزادىلەرگە خاس بىر قۇر كىيىم، ئوقيا بار بىر قارا ئات ئىگەر - جابدۇقلىرى بىلەن تۇرغۇدەك! خۇدابەردى كىيىمنى كىيىپ، ئوقيانى ئېسىپ قارا ئاتقا مىنىپ ئۆيگە كەلسە ئايسۇلتان ئاكىسىنى تونۇيالماي:

— ھەي پالۋان، سىز كىم بولىسىز؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. خۇدابەردى سىڭلىسىغا ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىڭلىسى ھەيرانلىق ئىلكىدە خۇشال بولۇپتۇ.

خۇدابەردى بىر كۈنى ئېتىغا مىنىپ ئوقيانى ئېسىپ يولغا چىقىش ئالدىدا ئايسۇلتانغا:

— سىڭلىم، مەن تاغقا چىقىپ كېيىك ئوۋلاپ كېلەي. مەن كەلگىچە ھېچكىمنى ئۆيگە كىرگۈزمەڭ، بىزگە دۈشمەن بولىدۇ، — دەپتۇ.

خۇدابەردى تاغقا چىقسا پادشاھمۇ نەۋكەرلىرى بىلەن ئۇۋغا چىققانىكەن. ئىككىسى تونۇشمايدىكەن. شۇ كۈنى ئامەت پادشاھتىن قېچىپ خۇدابەردىگە كەپتۇ. خۇدابەردىنىڭ بىرمۇ ئوقى زايا كەتمەي كېيىكلەرگە تېگىۋېرىپتۇ. پادشاھ بىرمۇ كېيىك ئوۋلىيالمىغانلىقتىن قاتتىق خاپا بوپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىنمۇ كۆڭلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەي بىر بولۇڭدا تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى خامۇش كەيپىياتتا يەنە ئۇۋغا چىقىپتۇ. بۇ كۈنىمۇ ئامەت پادشاھقا

كەلمەي يەنىلا خۇدابەردىگە كەپتۇ. پادىشاھ مەيۇس ھالدا قايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى ئۇنىڭ روھى ھالىتىنىڭ ناچارلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قىلغان ئىشىمىزنى بىلىپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپتۇ. ئىككىسى بىر جادۇگەر كەمپىرنى ئىزدەپ پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇۋدىن قايتىسىلا ئۆيگە ئاچچىقلاپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشاھنى ئۆزلىرىگە ئامراق قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار ئىكەن. ئۇ:

— سىلەر كىچىك خانىش رابىيە قوشكېزەك تۇغقاندا باللارنى دەرياغا ئاققۇزۇۋېتىپ بىچارە خانىشنى يىراق جاڭگالغا تاشلاتقۇزىۋەتتىڭلار. ئۆيلىمىغان يەردىن ئەر - خوتۇن بوۋاي - مومايلار باللارنى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. ئۇغلى مەرگەن ئوۋچى بولۇپ تاغدىكى نۇرغۇن كىيىكلەرنى ئوۋلاپ بولدى. پادىشاھ بىر تەرەپتىن ئوۋدىكى مەغلۇبىيىتىدىن ھەسرەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنلىكىدىن ئىچى پۇشۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

چوڭ خانىشلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— پادىشاھ ئۇ باللارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، تېخى بىلمىدى، — دەپتۇ جادۇگەر. ھەسەتخور خانىشلار:

— بۇ باللارنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىزدىسەك تېپىلمىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاپئاق ئايلا، سىزگە قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئالتۇن بېرەيلى. ئىككى بالىنى تېزراق يوقىتىپ بېرىڭ. بۇ باللارنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى قۇرۇغاندىن كېيىن بىز سىزگە يەنە غەمخورلۇق قىلىمىز. بىزنى تېزرەك خاتىرجەم قىلىڭ، — دەپتۇ ئۇلار.

جادۇگەر ئۆيدىن چىقىپ، ئۇزۇن يول مېڭىپ خۇدابەردىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قارىسا ئايسۇلتان يالغۇز ئولتۇرغىدەك. جادۇگەر:

— يالغۇز قورقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايسۇلتان دەپتۇ:

— ئاكام ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇڭا يالغۇز زېرىكىپ قالدىم.

جادۇگەر كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— قىزىم ئاكىڭىز سىزگە ئاغزىدا ئامراقمۇ ياكى يۈرىكىدىن ئامراقمۇ؟ سىز بىر سىناپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

— قانداق سىناپ كۆرىمەن؟ — دەپتۇ ئايسۇلتان. جادۇگەر:

— ئاكىڭىز كەلگەندە ھېچگەپ قىلماي يىغلاپلا ئولتۇرۇۋېلىڭ. ئاكىڭىز سەۋەبىنى سورىسا، كېيىمگە ئۇنىسىڭىز ئاندىن دەيمەن، دەپ تۇرۇۋېلىڭ. ئەگەر ئۇ سىزگە راستىنلا ئامراق بولسا ئۆزلىكىدىن چېلىنىدىغان راۋاپ ئەكېلىپ بەرسۇن. ئۇ چاغدا ئاكىڭىز ئوۋغا كەتسىمۇ راۋاپتىن يېقىملىق ئاۋازلار چىقىپ سىزنى ھەرگىز زېرىكتۈرمەيدۇ. ئەگەر ئاكىڭىز: «ئۇ راۋاپنى نەدە كۆردۈڭ؟» دەپ سورىسا، «چۈشۈمچە كۆردۈم» دەڭ، — دەپتۇ - دە، خۇدابەردىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىز بىلەن خوشلىشىپلا كېتىپ قاپتۇ.

كەچتە خۇدابەردى ئوۋلىغان كىيىكلىرىنى قارا ئاتقا ئارتىپ ئۆيگە كەلسە سىڭلىسى

گورنىدىن قوپۇپمۇ قويماي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاكىسى مىلىك تەسلىكتە سىڭلىسىنىڭ راۋاپ ئەكىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن «ماقۇل» دەۋېتىپتۇ. خۇدابەردى «ماقۇل» دېگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، راۋاپ ئەكىلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولۇپتۇ. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئايسۇلتانغا:

— جېنىم سىڭلىم، مېنى خاتىرجەم بولسۇن دېسەڭ، ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىن. ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمىگىن، — دەپ تاپىلاپتۇ. ئاندىن سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىپ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئىبادەتتە ئولتۇرۇپتۇ. تەڭ كېچىدە شىرىن ئۇيقۇدىن مەست بوپتۇ - دە، قەبرىگىلا باش قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە دادىسى بېلىقچى بوۋاي:

— ھە ئوغلۇم، نەگە باراي دېدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خۇدابەردى ئۆزى چېلىنىدىغان راۋاپ ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— ۋاي ئوغلۇم، تولىمۇ خەتەرلىك سەپەرگە ماڭىدىكەنسەن. مەيلى، سېنى خۇداغا تاپشۇراي. سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ قارا ئاتنى جېنىنىڭ بارىچە چاپتۇرۇپ ئات راسا تەرلىگەندە كۆزۈڭنى ئاچساڭ ئۆزۈڭنى بىر قارا ئىشىك ئالدىدىكى يالماۋۇزنىڭ يېنىدا كۆرىسەن. يالماۋۇز سېنى يېيىش تەشنالىقىدا بەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. سەن ھوشيار بولۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دەپ ئاتتىن چۈشكىن. يالماۋۇز:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دەپ سېنى ئۆيىگە باشلاپ ئېسىل غىزالار بىلەن مېھمان قىلىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئىسمىڭنى، تەلەپ - مەقسىتىڭنى بىلگەندىن كېيىن:

— سىز دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ چىنارنىڭ پۇتىقىدىن بىرنى ئېلىپ كەلسىڭىز، ئۆزى چېلىنىدىغان راۋاپنى مەن ياساپ بېرىمەن، دەيدۇ. ئۇ راۋاپ ياساۋاتقاندا سېنى شىرىن ئۇيقۇ باسىدۇ. ئۇخلاۋاتقان چېغىڭدا راۋاپتىن قىرىق بىر خىل نەغمە - ناۋا ياڭراپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا سەن ئويغىنىپ تۇرۇپ كەتمىسەڭ يالماۋۇز سېنى يەپ كېتىدۇ. قىيىن ئىشلارغا دېۋىلەر ماكانىدىكى چىنارنىڭ پۇتىقىنى ئېلىپ كېلىش جەريانىدا يولۇقىسەن. سەن قارا ئېتىڭغا مىنىپ بىسمىللا، دەپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاتنى تېز چاپتۇرىسەن. بىردىن ئونىمىغىچە سانىغانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە كۆزۈڭنى ئاچساڭ ئۆزۈڭنى دېۋىلەر ماكانىدىكى چىنار تۈۋىدە كۆرىسەن. چىنارنىڭ تۈۋىدىن چىققان بىر نوتىنى راسا كۈچەپ تارتساڭ نوتا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چىقىدۇ. سەن ئېتىڭغا مىنىپ چىنارنىڭ نوتىسىنى سۆرەپ يالماۋۇزنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغىنىڭدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ دېۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ سېنى قوغلايدۇ. بۇ چاغدا سەن قورقماي ھەم كۆزۈڭنى ئاچماي ئېتىڭنى تېخىمۇ تېز ھەيدىسەڭ دېۋىلەر ساڭا يېتىشىپ بولغۇچە يالماۋۇزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بولىسەن. دېۋىلەر ئىلاجسىز يېنىپ كېتىدۇ. قالغان ئىشلار خۇداغا ئامانەت، — دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. خۇدابەردى ئويغانسا ئۆزى قەبرە يېنىدا ياتقۇدەك. قارا ئات يېنىدا تۇرۇپتۇ. خۇدابەردى دادىسى چۈشىدە دېگەن ئىشلارنى جايىدا قىلىپ بىردەمدىلا ئالتە ئايلىق يولنى تۈگىتىپ يالماۋۇزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم موما، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يالماۋۇزمۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ ۋە خۇدابەردىنى ئۆيىگە باشلاپ ئېسىل غىزالار بىلەن

مېھمان قىپتۇ. خۇدابەردىنىڭ نەدىن، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگىنىنى بىلگەندىن كېيىن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

— ۋاي بالام تۇنۇگۇن كەلگەن بولساڭ ئۆيۈمدە ساڭا لازىم بولغان راۋاپ بار ئىدى. بۇنى دىۋىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تارتىۋالغانىدىم. باشقىلارغا بېرىۋېتىپتىمەن. بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ چىنار پۇتىقىدىن بىرنى ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. داۋامىدىكى ئىشلار دادىسى چۈشىدە دېگىنى بويىچە بولۇپ خۇدابەردى چىنار پۇتىقىنى سۆرەپ يالماۋۇز موماينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— جاپا چەكتىڭىز بالام. ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى جايغا يېرىم كۈندە بېرىپ كەلدىڭىز. قارا ئېتىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن كارامىتى بار ئىكەن. دىۋىلەر ماكانىدىن ساق - سالامەت كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە. مەن راۋاپنى ياساپ بولغۇچە بىر دەم ئۇخلىۋېلىڭ. ھېرىپ قالغانسىز، — دەپتۇ - دە، راۋاپ ياساشقا تۇتۇش قىپتۇ. خۇدابەردى دەرھال ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ياسىلىۋاتقان راۋاپتىن قىرىق بىر خىل ئاۋاز چىقىپ ئۆينى چاڭ كەلتۇرۇۋېتىپتۇ. خۇدابەردى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ خۇشخۇيلۇقى ھەم چاققانلىقى يالماۋۇز مومايىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. «بۇ بالىغا چېقىلغان بولسامۇ يېڭىشىم تەسكەن» دەپ ئويلاپتۇ يالماۋۇز. كۆڭۈل ئېچىشتىن كېيىن خۇدابەردى:

— سىڭلىم يالغۇز قالغاندى. ئەنسىرەپ قالمىسۇن. راۋاپنى ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاي، — دەپ يالماۋۇز موماي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ - دە قارا ئاتنىڭ كارامىتى بىلەن بىردەمدىلا ئۆيىگە كەپتۇ. سىڭلىسى ئۆيدىن چىقىپ ئاكىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى راۋاپنىڭ قىرىق بىر خىل يېقىملىق نەغمىسىگە مەھلىيا بولۇپ ئويناپ ئۇسسۇل ئۆيدىن تالاغا چىقماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى خۇدابەردى يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ. ئۇ ئوۋغا كەلمىگەن ئۈچ كۈندە بىرنەچچە كېيىك ئوۋلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ خوتۇنلىرىغا ئوچۇق چىراي كۆرسەتكەن پادىشاھ خۇدابەردىنىڭ تاغقا پەيدا بولۇشى بىلەن ئولجىغا ئېرىشەلمەي دەرد - ئەلەم بىلەن ئۆيىگە كېلىپ ئاچچىقىنى خوتۇنلىرىدىن ئالغىلى تۇرۇپتۇ. خوتۇنلار پادىشاھنىڭ ھاقارەتلىك مۇئامىلىسىدىن بىئارام بولۇپ يەنە جادۇگەر مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى دەپتۇ. جادۇگەر موماي:

— خۇدابەردى دىۋىلەر ماكانىدىن ئۆلمەي ساق قايتىپ كەپتۇ. ئۇ يەنە ئوۋغا كېلىپ پادىشاھنىڭ ئامىتىنى تارتىۋالدى. پادىشاھ ئاچچىقىنى سىلەردىن چىقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاشۇ يېتىم ئوغلاقنى ئۇجۇقتۇرۇپ بەرسىلە. نېمە تەلەپ قىلسىلا شۇنى بېرەيلى، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ چىدىماس خوتۇنلار. جادۇگەر موماي خۇدابەردىنىڭ ئوۋغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئايسۇلتاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىزىم. سىزنى كۆرگۈم كېلىپ يەنە كەلدىم، — دەپتۇ ئۇ، — راۋاپ سىزنى زېرىكتۇرمىگەندۇ -! ھە! ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل بىر نەرسە بار. ئۇنى جاھان ئەينىكى دەيمىز. جاھاننىڭ قايسى يېرىدە قانداق ئىش يۈز بەرسە جاھان ئەينىكىدىن كۆرۈپ ئولتۇرالايسىز. كۆڭلىرىڭىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. ئاكىڭىزغا دەپ جاھان ئەينىكىنى ئەكەلدۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئايسۇلتان سوراپتۇ:

— نەدە كۆردۈڭ ئۇنى، دېسە نېمە دەيمەن.
— چۈشۈمدە كۆردۈم، دەڭ، — جادۇگەر موماي شۇنى دەپلا خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.
شۇ كۈنى كەچتە خۇدابەردى ئۇۋدىن ئۆيگە قايتىپ كەلسە ئايسۇلتان يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ئاكىسى سىڭلىسىدىن نېمىشكە يىغلىغانلىقىنى سورىغانىكەن، سىڭلىسى جاھان ئەينىكى ئەكېلىپ بېرىڭ، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاكىسى ئامالسىز:
— ماقۇل سىڭلىم يىغلىماڭ. جاھان ئەينىكى ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. سىڭلىسى دەرھال يىغىدىن توختاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە خۇدابەردى ئايسۇلتانغا:
— جېنىم سىڭلىم، مېنى خاتىرجەم بولسۇن دېسىڭىز ئۆيدىن تالاغا چىقماڭ، — دەپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن قارا ئېتىغا مىنىپ ئوقيانى يېنىغا ئېسىپ يولغا راۋان بوپتۇ. قارا ئات ئالتە ئايلىق يولنى ئۇچقاندىنمۇ تېز چېپىپ ئىگىسىنى بىردەمدە يالماۋۇز مومايىنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپتۇ. موماي ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن:
— ۋاي ئوغلۇم، تولىمۇ خەتەرلىك يولغا مېڭىپسەن. بۇنىڭغا مەنمۇ ئامال قىلالمايمەن. سېنىڭ قولۇڭدىن ئەسلا كەلمەيدۇ. چۈنكى جاھان ئەينىكى ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر دۆۋلەر ئوردىسىدا. ئۇ يەرگە بارغىچە ئۈچ ئايلىق مۇز تاغدىن، ئۈچ ئايلىق ئوت تېغىدىن ئۆتمەي بولمايدۇ. ئادىمىزات بۇ جايلاردىن سالامەت ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ.
خۇدابەردى:
— ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ جاھان ئەينىكىنى ئەكەلمەي قويمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. يالماۋۇز موماي بۇ كېلىشكەن يىگىتنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىقى قوزغىلىپتۇ. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— ئۇنداق بولسا بالام، سەن چوقۇم سۇمرۇغنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىڭ شەرت. بولمىسا يا مۇزلاپ ئۆلىسەن ياكى كۆيۈپ ئۆلىسەن، — دەپتۇ. يىگىت:
— سۇمرۇغنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاڭگالدا، — دەپتۇ يالماۋۇز موماي. يىگىت موماي بىلەن خوشلىشىپ قارا ئېتىغا مىنىپ سۇمرۇغ ياشايدىغان جاڭگالغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن يىگىت جاڭگالدىكى بىر تۈپ چىنار تۈۋىدە دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن چىنارنىڭ ئۈستىدىن چىككاك - چىككاك قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت چىنارنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قارىسا سۇمرۇغنىڭ ئۈچ چۈجىسى:
— ھەي ئادىمىزات، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ ئەجدىھا سېنى يېگىلى كېلىۋاتىدۇ. تېز قاچ، — دەپتۇ. يىگىت:
— مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دەپتۇ. سوئال - جاۋابلار ئاخىرلىشىپ تۈرۈشىغا سۇمرۇغ چۈجىلىرى قورقۇنچلۇق چىككاكلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئەجدىھا ئوتلۇق تىلىنى سوزغىنىچە تولغىنىپ تاغ ئۈستىدىن ئارتىلىپ يىگىت تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن. يىگىت ئوقياسىدىن ئوق ئۈزگىلى تۇرۇپتۇ. ئوقيانىڭ ئۈزۈن ئوقلىرى ئەجدىھانىڭ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە قاتىرى سانجىلىپتۇ. لېكىن ئەجدىھا يىقىلماي يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئادىمىزاتنىڭ مەندىن قورقۇپ قاچماي قاراپ تۇرغىنىغا ھەيرانمەن، — دەپتۇ. يىگىت قەددىنى تىخىمۇ رۇسلاپ:

— مەنمۇ ئەللىك يېرىگە ئوق تەگسىمۇ يىقىلماي، ئۆلگىنىنى تۇيمىغان ئەجدىھادىن ھەيرانمەن، — دەپتۇ. ئەجدىھا بولسا:

— سېنىڭ ئوقلىرىڭ ماڭا بۆرگە چاقىقانچىلىكمۇ تەسىر قىلالمىدى. نېمەڭگە مۇغەمبەرلىك قىلىسەن، — دەپتۇ. يىگىت:

— مەن سېنى توشقانمىكىن دېسەم ئەجدىھامىدىڭ؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ئەجدىھا غەزەپلىنىپ يىگىتنى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن سەكرەپ ئېتىلماقچى بولۇپتۇيۇ، قىمىرلىيالماپتۇ. بۇ چاغدا ئوقلاردىكى زەھەر ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى ئازاپلاپ ھەرىكەتتىن توختاتقانىكەن. ئەجدىھانىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن كۆپۈك يېنىپ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچىيىپ، ۋەھىملىك بىر چىرقىرىغاندىن كېيىن سوزايلىنىپ يېتىپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن سۇمرۇغ چۈجىلىرى:

— ھەي ئادەم بالىسى، تېزلىكتە يېنىمىزغا چىقىپ قانىتىمىزنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغىن. بولمىسا ئانىمىز كېلىپ قالسا بىلمەستىن سېنى يەپ قويۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. يىگىت چىنارغا يامىشىپ چىقىپ سۇمرۇغ چۈجىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. كەچتە ئانا سۇمرۇغ بالىلىرىمنى ئەجدىھا يەپ بولغانمىدۇ، دېگەن ئەنسىرەش بىلەن ئېگىز ئۇچۇپ كەلسە ئۈچ چۈجىسى ساق - سالامەت تۇرغۇدەك. چۈجىلەر:

— ئانا، پەسكە قارىڭا، — دەپتۇ. سۇمرۇغ پەسكە قاراپ ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا:

— بۇ ئاپەتنى كىم يوقاتتى، بۇ پالۋان نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. چۈجىلەر:

— ئۇنى يەپ كەتمەسلىككە، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە ۋەدە بەرمىسەڭ سوئالىڭغا جاۋاب بەرمەيمىز، — دەپتۇ.

— نەچچە ئەۋلاد بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلگەن دۈشمىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بەرگەن ياخشى ئادەمنى يېيىشكە كۆڭلۈم قانداقمۇ چىدىسۇن؟ ئۇنىڭغا جېنىم لازىم بولسىمۇ بېرىمەن، — دەپتۇ ئانا سۇمرۇغ. چۈجىلەر خۇدابەردىنى قانىتى ئاستىدىن چىقىرىپتۇ. سۇمرۇغ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ئىپادىلەپ قاناتلىرىنى قېقىپ، يۇمشاق كۆكسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېقىپتۇ. ئاندىن سوراپتۇ:

— ئەي شەپقەتچىمىز، قېنى ئېيتىڭ. ماڭا نېمە تەلىپىڭىز بار؟

— جاھان ئەينىكىنى تېپىشىمغا ياردەم قىلىڭ، — دەپتۇ يىگىت. سۇمرۇغ ئەجدىھانىڭ گۆشىنى ئوڭ قانىتىغا، ئون تۇلۇم سۇنى سول قانىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ:

— ئۈچ ئاي ئوتلۇق تاغدىن، ئۈچ ئاي مۇزلۇق تاغدىن ئۆتۈپ ئاندىن جاھان ئەينىكى بار جايغا بارىمىز. مەن ئۇچۇۋېتىپ ئوڭ تەرىپىمگە قارىسام ئاغزىمغا گۆش سېلىڭ. سول تەرىپىمگە قارىسام ئاغزىمغا سۇ قۇيۇڭ. قېنى، گەدىنىمگە مىنىڭ، — دەپتۇ. سۇمرۇغ ئۈچ ئاي ئۇچۇپ ئوتلۇق تاغدىن ئۆتۈپ بولغاندا مۇز تاغنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ. گۆش، سۇ توگىگەنلىكتىن سۇمرۇغ ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. چىداپ ئۇچۇۋېرىپ ھەرىكەتتىن توختىغۇدەك ھالغا كېلىپ قاپتۇ. بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى ھەم غەيرىتىنى چىقىرىپ يەنە

ئۇچۇپتۇ. ئەگەر سۇمرۇغ يەنە ئۇچۇشقا ئامالسىز قېلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتسە سۇمرۇغمۇ، ئۆزىمۇ دەرھال مۇزلاپ ئۆلىدىغانلىقى يىگىتكە مەلۇم ئىكەن. شۇڭلاشقا يىگىت يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ سۇمرۇغقا يىگۈزۈپتۇ. سۇمرۇغ كۈچلىنىپ يەنە بىرەر سائەتچە ئۇچقاندىن كېيىن جاھان ئەينىكى بار تاغ غارىغا قونۇپتۇ ھەم جاھاننامىنى خۇدابەردىگە تۇتقۇزغاندىن كېيىن بۇغا، كىيىك، توشقانلارنى ئوۋلاپ ئالتە ئاي تولۇق يەتكۈدەك گۆش تەييارلاپتۇ. غاردىكى بۇلاق سۈيى بىلەن ئون تۇلۇمنى تولدۇرۇپتۇ. سۇمرۇغ خۇدابەردىنى گەدىنىگە مىندۈرۈپ، گۆش بىلەن سۇنى ئىككى قانىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. مۇزلۇق تاغدىن، ئوتلۇق تاغدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ بالىلىرىنىڭ يېنىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەپتۇ.

خۇدابەردىمۇ سۇمرۇغقا چەكسىز رەھمەتلەرنى بىلدۈرۈپ جاھان ئەينىكىنى ئېلىپ، چىنارلىقتا ئوتلىغاچ ئىگىسىگە ساقلاپ تۇرغان قارا ئاتقا مىنىپ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ سىڭلىسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام دىدارلىشىپتۇ. ئاندىن جاھان ئەينىكىنى ئالدىغا قويۇپ قاراپتۇ. ئەينەكتە پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى ۋە رابىيە ئىسىملىك قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى، رابىيەنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىز ـــ قوشكېزەك بالىنى قۇچاقلاپ ياتقانلىقى، چوڭ خوتۇنلىرى ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئىككى بالىنى دەرياغا ئاققۇزۇۋەتكەنلىكى... رابىيەنىڭ يىراق جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلانغانلىقى ھەم شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق تەسىرلىك جەريانلار، ھەتتا خۇدابەردىنىڭ سۇمرۇغقا مىنىپ جاھان ئەينىكىنى ئېلىپ كەلگىنىمۇ تولۇق تەپسىلىي كۆرۈنۈپتۇ. خۇدابەردى بىلەن ئايسۇلتان ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ پەرزەنتلىرى، بېلىقچى بوۋاي بولسا ئۆزلىرىنى دەريادىن قۇتقۇزۇۋېلىپ بېقىپ چوڭ قىلغان شەپقەتچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە خۇدابەردى ئايسۇلتان بىلەن خوشلىشىپ، قارا ئېتىغا مىنىپ ئوقياسىنى يېنىغا ئېسىپ ئوۋغا مېڭىپتۇ. بۇ كۈنى ئوۋ غەنىيمەتلىرى ناھايىتى كۆپ بوپتۇ. پادىشاھ بولسا ھېچنەرسە ئوۋلىيالماپتۇ. يىگىت ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاتقا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

ـــ جانابلىرىنى ئوۋغا بىللە كەلگەن ھەممە خىزمەتچىلىرى بىلەن غېرىبانە كۇلبەمگە چايغا تەكلىپ قىلىمەن. ئۆزۈم بىر يېتىم بالا بولساممۇ تەكلىپىمنى ئېتىبارغا ئېلىشقايلا، ـــ دەپتۇ. پادىشاھ «يېتىم بالا» نىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ خىزمەتچىلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. كىيىك ۋە بۇغا گۆشلىرىنى تويغىچە يېگەندىن كېيىن ئۆزى چېلىنىدىغان راۋاپنىڭ قىرىق بىر خىل يېقىملىق، تەسىرلىك سادالىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ساھىبخانىنىڭ نەسەبىنى بىلگۈسى كېلىپ:

ـــ سىلەر كىمنىڭ بالىلىرى؟ ئىسمىڭلار كىم؟ ـــ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپتۇ.

خۇدابەردى بىلەن ئايسۇلتان سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا جاھان ئەينىكىنى پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر تۇل خوتۇنىنىڭ كەنجە قىزغا ئۆيلەنگىنىدىن باشلاپ يۈز بەرگەن ياخشى ـ يامان ھەممە ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر ھەسرەت چېكىپ:

ـــ ئاھ خۇدا، مېنى ئەجەب قىسمەتلەرگە دۇچار قىپسەن، ـــ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئاندىن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئەتە ئەتىگەندە مەيە ئەۋەتىمەن. ئىككىڭلار جاھان ئەينىكىنى بىللە ئېلىپ مېنىڭ ئوردامغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار. شەرىپىڭلارغا زىياپەت بېرىمەن، — دەپتۇ - دە، خۇدابەردى ھەم ئايسۇلتان بىلەن خوشلىشىپ، خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككى خىزمەتچىنى كېچىلەپ ئەۋەتىپ يىراق جاڭگالدا جاپا - مۇشەققەت تارتىۋاتقان كىچىك خانىش رابىيەنى چاقىرتىپ كېلىپ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئايرىم بىر ئۆيدە قوندۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ئەۋەتكەن مەيىدە ئولتۇرۇپ خۇدابەردى بىلەن ئايسۇلتان ئوردىغا كەپتۇ. پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوردىدىكى ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ ھەممە خوتۇنلىرى زىياپەتكە قاتناشتۇرۇلۇپتۇ. يەپ - ئىچىش ئاخىرلىشىپ داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن پادىشاھ ھەممەيلەننى جاھان ئەينىكىنى تولۇق كۆرۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ئەينەكتە رابىيەنىڭ قۇچىقىدىكى ئالتۇن چاچلىق قىز بىلەن كۈمۈش چاچلىق ئوغۇلنىڭ دەرياغا ئاققۇزۇۋېتىلگەنلىكى؛ ئىككى كۈچۈكنىڭ رابىيەنىڭ قوينىغا سولاپ قويۇلغانلىق كۆرۈنۈشلىرى چىققاندا چوڭ خانىشلار ئۆزلىرىنىڭ شۇملۇق ھىيلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قورقۇنچتىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. بۇ ئىككى خوتۇن خالاغا چىقىشنى باھانە قىلىپ قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىكەن، ئىككى مۇلازىم ئۇلارنى دولىسىدىن چىڭ بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. جاھان ئەينىكىنى كۆرگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ ئىككى چوڭ خوتۇنىغا غەزەپ - نەپرىتى قايناپتۇ ھەم كىچىك خوتۇنىغا بولغان ھېسداشلىقى كۈچىيىپتۇ. پادىشاھ خۇدابەردىنىڭ دوپپىسىنى كۆتۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ كۈمۈش چېچى، ئايسۇلتاننىڭ ياغلىقىنى ئاستا تارتقانىكەن، ئۇنىڭ ئالتۇن چېچى ھەممەيلەنگە كۆرۈنۈپتۇ. رابىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىككى بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپتۇ. بالىلارمۇ ئانىسى بىلەن تېپىشقانلىقىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ يۈرىكى ئوتقا چۈشكەن ياغدەك ئېرىپتۇ - دە، غولىچىنى ئېچىپ كىچىك خوتۇننى ھەم ئىككى بالىسىنى قۇچاقلاپ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ تەسىرلىك مەنزىرىگە قاراپ تۇرغانلارمۇ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پادىشاھ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— بۇ ئىچى يامان، ھەسەتخور خوتۇنلارمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالسۇن! — دەپ جاكارلاپتۇ. جاللاتلار بۇ ئىككى خوتۇننىڭ چېچىدىن 40 بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ باياۋانغا قويۇۋېتىپتۇ. بايتاللار كەينىدىن سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئاياللاردىن ئۈركۈپ تاغۇ - تاشقا چېپىپتۇ...

پادىشاھ ئامراق خوتۇنى ھەم جان - جىگەر پەرزەنتلىرى بىلەن جەم بولغانلىق خۇشاللىقىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن — مۇھەممەتئىمىن قۇربان








源泉 （布拉克）（维吾尔文）总106期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي106-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108 定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118